

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

Xinjiang Cirization

6

1986



ئىناق قوشنىلار (دىلمۇرات مەھەممەد فوتوسى)



شېۋىر - شېۋىر (ئۆركەش جاپپار فوتوسى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال　　شىنجاڭ مەدەنىيىتى
1986 - يىل 6 - سان　　35 - يىل نەشرى

# بۇ ساندا

## ئەدەبىيات گۈلزارى

تاشلاندۇق كەپىدە ............ (پوۋېست) ............ توختى ئايۇپ 30
ئاخىرى ............ (ھېكايە) ............ روزى سايىت 2
تەسىرات دېڭىزىدىن تامچىلار ............ (نەسىرلەر) ............ ئەخمەد ئىمىن 29
ئىلىم — ئۇ، دىللارغا نۇر چاچقان قۇياش ... (شېئىر) ............ باتۇر روزى 53
ئاق چېچەك ............ (» ») ............ سۇفىيەم راخمان 55
ياماندىلارنىڭ قەبرە تېشىغا يېغىشلىمىلار ...... (» ») ............ رەخىم قاسىم 56
شېئىر توغرىلىق قىلىمىغىن دەۋا ............ (» ») ............ قاۋۇل ساۋۇر 57

## سەھنە ماتېرىياللىرى

ناخشا تېكىستلىرى ............ ھەبىبۇللا روزى 23
............ ئېزىز نىيازى، تۇرغان شاۋدۇن، ساتتار توختى

## ئۆرپ - ئادەتلەر

چوپان يېزىسىدىكى قىزدىقارلىق ئادەتلەر ............ كېرەم نىياز 72
دولان خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى ............ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 75

## دۇنياغا نەزەر

مۇسۇلمان دۇنياسىغا سەپەر ............ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 18

## تارىختىن سۆز

قاراخانىلار دەۋرىدە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر توغ-
رىسىدا ............ تۇرغۇن ئالماس 58
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئىمادىدىن كاشغەرىنىڭ بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇساھە-
بەسى (سۆھبىتى) ............ مۇھەممەد ئوسمان 67

## ئىزدەنگۈچىلەر

يېڭىدىن ئىختىرا قىلىنغان قوش دەستىلىك ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابى — دىلتار ............
............ ئىمىن راشىدىن، زۇنۇن باقى 70

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

مۇھەببەت بېيىتلىرى ............ توپلىغۇچى: ئۆمەر سايىم 80

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

كىلاسسىكلارنىڭ نەپرىتى ............ (ھېكايە) ............ قامبارالى بوبۇلوۋ 79

مۇقاۋىدا: ئۈزۈم پىشتى. پەنشىسۇك، شاۋلياك فوتوسى. مۇقاۋىنىڭ 4- بېتىدە: يايلاق. ئابلەت راخمان فوتوسى

بۇ سانىنىڭ بەت بېشى ۋە قىستۇرما رەسىملىرىنى مۇختار ئابدۇراخمان ئىشلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com




(ھېكايە)

روزى سايىت

بۈگۈنكى گېزىتنىڭ يەرلىك خەۋەرلەر بېتىگە مۇنداق بىر ماقالە بېسىلىپتۇ:

«سايباغ» يېزىسىدىكى دېھقانلار ئۆزئارا پۇل يىغىش قىلىپ ئىككى قەۋەتلىك، مىللىي ئۇسلۇبتىكى مەدەنىيەت پونكىتى سالدى...»

ماقالىنىڭ بېشىدىكى ئەشۇ بىر جۈملە سۆزنى ئوقۇپلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم! «سايباغ» دېھقانلىرى ئىككى قەۋەتلىك مەدەنىيەت پونكىتى سېلىپتۇ — دە، يەنە كېلىپ ئۆز پۇلىغا ھە!؟ قاسىم مۇدىر بۇ ماقالىنى ئوقۇپ قانداق تەسىراتقا كېلەر ئەمدى؟ ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن! قاسىم مۇدىرنىڭ «سايباغ» لىق تۇرسا، ئۇ دېھقانلار سالغان ئىككى قەۋەتلىك بىنانى كۆرمەي قالامتى؟

ھەي قاسىم مۇدىر، ھەي قاسىم مۇدىر، بۇ ئىشلارغا نېمە دەيسىز؟ بىر چاغلاردا سىز بىلەن مەن دەرىخىم ئولتۇرۇپ «سايباغ»دا مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلەشكەن ئەمەسمىدۇق؟ ئېسىڭىزدىمۇ، سىز شۇ چاغدا قانداقتۇ: «مەدەنىيەت مەركىزى دېگەندىن ئاش چىقمايدۇ، پۇل ئۈنمەيدۇ، دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت پونكىتىغا يىغىلىپ، نەدىكى ئىشلار بىلەن ھەپىلەشكەندەك ۋاقتى يوق» دېۋىدىڭىز. قاراڭ، ئەمەلىيەت باشقىچە، سىزنىڭ دېگىنىڭىزنىڭ تەتۈرىسىچە بوپتۇ ئەمەسمۇ؟! يولداش مۇدىر، مەن سىزگە بىر خەت يېزىپ شۇ ئىشلارنى ئەسلىتىپ قوياي، بەلكى خەتنى ئوقۇۋېتىپ يۈزلىرىڭىز قىزىرىپ كېتەر؟ دېھقانلارنى چۈشەنمەپسىز، قالاقسىز...

ئاپلا! ماقالىنى ئاخىرىغىچە ئوقۇماپتىمەن ئەمەسمۇ، قاراڭلار بۇ ئىشنى. مەن تېخى ئاللىقاچان قازا قىلىپ كەتكەن قاسىم مۇدىرنىڭ كونا ئىدىيەلىرىنى كوچىلاپ، ئۇنىڭغا خەت يېزىشقا تەييارلىنىپتىمەن. ئەپۇ قىلىڭ مۇدىر، سىز گەرچە شۇ چاغلاردا خىزمەت ئىستىلى، ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتە قاتمال، پىكىر قىلىشىڭىز تولىمۇ بىر تەرەپلىمە بولغان بولسىمۇ، كېيىن رېئاللىق ئالدىدا قايىل بولۇپتىكەنسىز. ھېچ بولمىغاندا سەكرات ياستۇقىغا باش قويغان سائەتلىرىڭىزدە بولسىمۇ ئويغىنىپتىكەنسىز. مانا، «سايباغ»لىقلار مەدەنىيەت پونكىتى سالدى دېگەن جۈملىگە ئۇلىشىتۇرۇپلا سىزنىڭ ئەشۇ پونكىتقا ماددىي ئەسلىھەلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ نەق 10 مىڭ يۈەن پۇلىنى ئىئانە قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغانلىقىڭىز ھەققىدىكى بايانلار يېزىلىپتۇ. ئەقلىڭىزگە ئاپىرىن رەھمەتلىك مۇدىر! ئەمدى مەن باشتىكى تەنتەك خىياللىمدىن ۋاز كەچتىم. سىزگە خەت يېزىپمۇ يۈرمەيمەن، روھىڭىزغا دىل ئازارىمۇ يەتكۈزمەيمەن! شۇغىنىسى تازا ئىشەنگۈم كەلمەي تۇرۇۋاتىدۇ. 10 مىڭ يۈەن، سىز ئەشۇنداق قىلالىغانسىزمۇ، بىر چاغلاردا،

گۇڭشېدا مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇش ئۈچۈن شۇنچە تاقاراشقان، ئاغزىڭىزدىن چىقىدىغان بىر ئېغىز يەلنى شۇنچە ئايىغان ئەمەسمىدىڭىز، مانا ئەمدىزە ... سىزنى شۇنچە مەرت قىلىۋەتكەن، سېخىيلىق بىلەن 10 مىڭ يۈەننى ئىئانە قىلدۇرۇۋەتكەن قايسى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدۇر؟

گۇمان بەرىبىر گۇمان. ئەمما، كېيىنتىكە بېسىلغىنى گۇمان ئەمەس، ئەمەلىيەت. شۇنداق ئىكەن، سىزنىڭ سەكرات ياستۇقىدا يېتىپ، ئۆزىڭىزنىڭ نەقمۇ - نەق 10 مىڭ يۈەن شەخسى پۇلىڭىزنى مەدەنىيەت پونكىتىغا — «سايباغ» لىقلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ جانلىنىشىغا بەخشەندە قىلالىغىنىڭىز راست، مەن بۇنىڭغا ئىشەندىم. بۇ ئىشەنچ — ئىشەنمەسلىكىمنى يوق قىلغانىكەن، ئۇ هالدا، گۇمان سىزنىڭ روهىڭىزغا ئاتاپ خالىس دۇئا قىلىشىمغا هېچقاچان توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئادەمنىڭ ئالدىغا بىر تالاي ئىشلار ئۇچرايدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرى ناهايىتى ئاسانلا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئەمما بەزىلىرى بولسا نەچچە يىللارغىچە ئۇنتۇلمايدۇ. قاسىم مۇدىر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا بولۇپ ئۆتكەن هېلىقى ئىش «نەچچە يىللارغىچە ئۇنتۇلمايدۇ»ـغان ئىشلار جۈملىسىگە كىرسە كېرەك، بولمىسا نېمىشقا هازىرغىچە ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ؟

هۆرمەتلىك كىتابخان، ناۋادا بىلگىڭلار كەلسە مەن بۇ ئىشنى سىلەرگە باشتىن هېكايە قىلىپ بېرىشىم مۇمكىن.

(1)

— كادىر يىگىت، «سايباغ» گۇڭشېغا ماڭدىم دېدىڭىزمۇ؟ ناهىيىدىن چىققىشىم دەڭ، شۇنچە ئۇزاق يولنى پىيادە بېسىپ - هە؟ تازا هېرىپسىز - دە، كېلىڭ، هارۋامغا ئولتۇرۇۋېلىڭ.

45 - 50 ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق، قىرقىم ساقال، چىرايى ئارامتۇق بۇ ئادەم هارۋىسىنى يېنىمدا توختاتتى. مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئېشەك هارۋىسىغا لىككىدە سەكرەپ چىقىۋالدىم. جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغىنىمدىن كېيىن هارۋا يۈرۈپ كەتتى.

— «سايباغ» قا بىردىر ئىش بىلەن كېتىۋاتامسىز. — سورىدى ئۇ ئېشەكنى قولىدىكى تاياق بىلەن زىخلاپ تۇرۇپ.

— شۇنداق ئاكا، ئىش بىلەن كېتىۋاتىمەن. — دېدىم مەن ئارتۇقچە سۆزلەشنى خالىماي، چۈنكى راستىنى ئېيتسام بىر تالاي يولنى پىيادە مېڭىپ هېرىپ كەتكەنلىكىمدىن قۇلىقىمغا گەپ خوشيا قىلمايتتى.

— ماشىنا بولمىغانىدىمۇ موتوتقا[1] ئولتۇرۇپ چىقماپسىز، شەهەر بىلەن «سايباغ» نىڭ ئارىلىقى قىسقا مۇساپە ئەمەس.

مەن ئۇنىڭغا يېرىم يولغىچە تراكتوردا كەلگىنىمنى، تراكتورغا «زۇكام تېگىپ» قالغاچقا، توڭۇپ - تىترەپ تۇرغىچە ماڭاي دەپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ مۇشۇ يەرگە كەلگىنىمنى ئېيتىپ بەردىم، ئۇ:



— مۇنداق دەڭ، مەن تېخى شەهەردىن «يائاللا» دېگەنچە چاپانىنى غېرىبچە يېپىنىپ يولغا چىققان ئوخشايدۇ دەپتىمەن، — دېدى ۋە قوشۇپ قويدى، — هەممە مۇشكۈلمۇ ئاسانلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، مۇشۇ قاتناش خاپىلىقى بىر بالا بولدى: شەهەردىن كېلىدىغانلارغىمۇ، شەهەرگە بارىدىغانلارغىمۇ تەس - تە. خۇدا خالىسا ئاپتوبۇس قاتناپمۇ قالار.

---

[1] موتسىكلىت.

www.uyghurkitap.com

بىز ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ خېلىلا سۆزمەن، شوخ، يەنە كېلىپ مۇڭداشقاق ئادەمدەك قىلاتتى. پات - پاتلا مەندىن «ھارۋا چاقىمىدىمۇ؟» ياكى «توڭلىمىغانسىز؟» دەپ سوراپ قوياتتى. گەپ ئارىسىدا مەن ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى سوراپ بىلىۋالدىم. «بىر - يوقى ئىككى بالا، ئەر - خوتۇن تۆت جان، — دېدى ئۇ، — چوڭ ئوغلۇم باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، كەنجىسى بۇ يىل 10 - سىنىپنى تۈگەتتى. دۇيىدىن 16 مو يەرنى ھۆددە ئېلىۋىدىم. ھېسابلاپ باقسام دۆلەتكە، 12 مىڭ جىڭ بۇغداي، قوناق سېتىپ بەرگەندىن باشقا بىر يىللىق ئازادە يەتكىدەك ئاش - ئوزۇق قېلىپتۇ. كېۋەز، قوغۇن، مېۋە - چېۋە دېگەندەك نەرسىلەردىن قىلغان تاپاۋىتىمىزگە بىر نەچچە ئېغىز يېڭى ئۆي سېلىۋالدۇق ...»

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، كەنجى ئوغلىنى مۇشۇ يىل كۈزدە ئۆيلەپ قويماقچى بولۇپتىكەن، ئەمما ئوغلى ئۇنىماپتۇ. «ئوقۇيمەن، — دەپتۇ ئۇ، — بۇ يىل ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بولسام كېلەر يىلغىچە دەرسلىرىمنى تەكرارلاپ قايتا ئىمتىھان بېرىمەن، زامانىنىڭ ئارقىسىدا قېلىشنى خالىمايمەن».

— كەنجىمىزگە ئاتاپ ئالاھىدە ياساپ - جابدۇپ بىر ئۆي سېلىۋىدىم، ئۇ توي قىلىشنى رەت قىلغاندىكىن بىزمۇ تولا قىستاپ كەتمىدۇق. ئۆيمۇ بىكار قالدى، — دېدى ئۇ ئۆي ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، — بوپتۇ، ئوقۇسا ئوقۇسۇن. ئوقۇغانغا نېمە يېتىدۇ ئۇكام، ئاسماننىڭ تاناۋىنى تارتىپ، غۇلدۇلداپ ئۇچىدىغان ئايروپىلان، يەرنىڭ تاناۋىنى تارتىپ چاپىدىغان پويىز، كوككا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇغان، بىلگەن ئادەملەر ياسايدىكەنغۇ؟

— ئۇنداقتا كەنجىڭىزنى ئوقۇتۇپ ئايروپىلان، پويىز، كوككا ياسىغىلى سالىدىكەنسىز-دە، — مەن چاقچاق تەلەپپۇزى بىلەن گەپ ئارىلىدىم.

— زاڭلىق قىلماڭ ئۇكام، — دېدى ئۇ، — بالىمىز خېلى دېتى بار، ئەقىللىق بولۇپ ئۆستى. خۇدا خالىسا ئۇنى ئىلمىي تېرىقچىلىقنى ئۆگىتىدىغان مەكتەپتە ئوقۇتىمەن. شۇنداق مەكتەپلەرمۇ بار دەيدىغۇ؟

— بار، نۇڭشۈيۈەن، بىزنىڭ تىلىمىزدا يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى دەپ ئاتىلىدىغان مەكتەپ بار.

— دەل ئەشۇنداق مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، ئوقۇشنى تۈگەتكەندە «سايىباغ»قا قايتۇرۇپ كېلىمەن. ئۇ ئەقىل كۆرسىتىدۇ، تېخنىكا ئۆگىتىدۇ، بىز كۈچ بىلەن تەرىمىزنى چىقىرىمىز. شۇنداق قىلىپ خۇدا بۇيرىسا 10 مىڭ جىڭ ئەمەس، 100 - 200 مىڭ جىڭ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىمىز. ھازىرقى سىياسەت بالدۇرقىدەك ئەمەس ...

ھارۋىكەش تاتلىق خىياللار قوينىدا بولەڭگەندەك، ئېشەكنى ئۆز مېڭىشىغا قويۇۋېتىپ، قولىنى تاشلانمىغان جۇۋىسىنىڭ يېڭىگە تىققىنىچە كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. مەن بۇنداق جىمجىتلىققا تاقەت قىلالمىدىم، شۇڭا يەنە گەپ تەشتىم:

— ئاكا، سۆزىڭىزدىن قارىغاندا، ئانچە - مۇنچە ئىشلارغا قانائەت قىلمايدىغاندەك تۇرىسىز - ھە؟

— «تا ئۆمىد - شەيتان» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ ئۇكا، — دېدى ئۇ كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ، — ئاللاتائالا، «ياراتقۇچى مەن، يارالغۇچى ئۆزەڭ» دەپتىكەن. پارتىيە سىياسىتى دېھقانغا بەخت ئاتا قىلىۋاتسا، بىز بارغا قانائەت قىلىپ ياتساق، «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەپ تۇرۇۋالساق قاملاشمايدۇ-دە!

— دېھقانلار بۇ گەپچە سىياسەتتىن رازى ئىكەن - دە؟ — مەن ئۇنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، لېكىن ھېلىقىدەك قىزىق، يۇمۇرلۇق سۆزلەرنى كۆپرەك ئاڭلىۋالغۇم كېلىپ سورىدىم.

— «رازى ئىكەن» دېگىنىمۇ گەپمۇ ئۇكام، — دېدى ئۇ خۇددى مىلتىقتىن ئوق ئېتىلغاندەك

قىلىپ، — رازى بولغانىدىمۇ ئاجايىپ رازى دەڭا، خۇددى ھېيتلىق يېڭى كىيىم - كېچەككە ئىگە بولغان بالا ئاتا - ئانىسىدىن رازى بولغاندەك. خۇدا ھۆكۈمىتىمىزنىڭ دىلىغا سالدى. ھۆكۈمەت دېھقان خەقنىڭ باش - كۆزىنى سىيلىدى. مۇشۇنداق بولۇۋېرىدىغان بولسىمۇ... سىياسەتكە كۆز چىقمىسۇن ئىلاھىم...

مەن ھارۋىكەشنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سىيىپىمىدا كۈلدۈم.

— كۈلمىسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ مېڭىشى ئاستىلاپ قالغان ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە قولىدىكى تاياق بىلەن ئۇرۇپ ۋە مېنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنىمۇ كۈتمەستىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — داشقازان چىقىلىپ دېھقان خەق تۆككەن تەر، قىلغان ئەجرىگە يارىشا راھەت كۆرگەندىكىن، قولى ئۇزارغاندىكىن ھۆكۈمەتتىن، سىياسەتتىن رازى بولىمۇ - دە، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ كۈلگىدەك نېمىسى بار؟

— ياقەي، قىزىق سۆزلىرىڭىز كۈلكەمنى قىستىدى، ئاكا، — دېدىم مەن ئىزاھات بېرىپ، ئارقىدىنلا گېپىمنى باشقا ياققا يۆتكەپ سورىدىم:

— دېمەك، قورساق تويدى دەڭا؟

— شۇنداق ئۇكام، قورساقمۇ تويدى، «كەپتەر پەغەزدە، نومۇر قەغەزدە»، «پاتمانلاپ ئىشلەك، مىسقاللاپ چىشلەك» دەيدىغان كۈنلەرمۇ يوقالدى، شۈكرىنىسى...

ئۇ نېمىنىدۇ ئېيتماقچىدەك، ئەمما مۇۋاپىق سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە قىينىلىۋاتقاندەك ئەلپازدا بىر پەس جىمىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا، ئاۋازسىز قىمىرلاۋاتقان بورۇتلۇق لەۋلىرىگە تىكىلگەن پېتى سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈپ جىمجىت ئولتۇرۇۋەردىم. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى يولنىڭ چېتىدىكى تۈزلەڭدىن بۇخسۇۋاتقان بوغۇناققا تىككىنىچە سۆزگە كىرىشتى:

— دېھقان خەق دېگەن قاملاشتۇرۇپ سۆزلىيەلمىگىنى بىلەن ئاق - قارىنى، پايدا - زىياننى پەرق ئېتەلەيدۇ. سىز باياتىن «قورساق تويدىمۇ» دەپ سورىدىڭىز، بىزنىڭدا چاتاق يوق. ئەمما تويغان قورساق كۆڭۈلنى غىدىقلاپ، شوخلۇقنى ئويغاتماقتا.

— «قورساق توق، كۆڭۈل شوخ» دەڭا؟

— ھەببەللى، دەل شۇنداق. بەزىلەر تېخى «خوتەننىڭ چاپاكەش، يۇۋاش خەلق. بىر قاچا ئوماچ بىلەن زاغرا ناندىن ئارتۇق تەلىپى يوق...» دېگەنمۇ بولدى، بىكار گەپ. نەدە ئۇنداق قورساق بەندىسى ئادەم بار ئىكەن؟ كىمىكى دېھقاننى «غېمى قورساقتا، قورسىقى تويسا باشقىنى ئويلىمايدۇ» دېسە خاتا ئويلاپتۇ! دېھقاندىمۇ ھەۋەس بار ئۇكام!

ئۇ گېپىنى توختىتىپلا ھېلىقى بوغۇناق ئۆرلەۋاتقان تۈزلەڭلىكنى كۆرسەتتى - دە، «قاراڭ، ئاۋۇ يەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتامسىز؟» دېگەندەك قىلىپ كۆزلىرىمگە تىكىلدى.

مەن قارىدىم، ئۇ يەردە بىر توپ كىشىلەر قى - چۇ كۆتۈرۈشۈپ، توپا - چاڭ بۇرخۇتۇپ، ئۇيياقتىن - بۇيياققا چېپىشىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار نېمە قىلىشىۋاتىدىكىنە؟ مەن خېلى ئۇزاقىچە تىكىلىپ قارىدىمۇ، — بۇ مالىمانچىلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم.

— ساقال - بۇرۇت چىقىپ قالغان «باللار» گاگا، توپ - شا ئويناشىۋاتىدۇ.

— گاگا؟ ... توپ - شا؟ ...

— ئىشەنمەيۋاتامسىز، لېكىن بۇ ئەمەلىيەت ئۇكام. نېمىشقا دېمەمسىز، ئابايام دېگىنىمدەك «قورساق توق، كۆڭۈل شوخ»، تويغان قورساق شوخلانغان كۆڭۈلنى جىم تۇرغۇزمايۋاتىدۇ - دە!

بىز ئۆز پارىڭىمىز بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، يولنىڭ ئەگىمىسىدىن چىقىپ كەلگەن 30 - 40 قا يېقىن ئادەمنى قېشىمىزغا كەلگەندىلا كۆردۇق. بۇ توپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان بىرسى كۆدە قولاق، ئاق سېرىق ئىتنى قويما زەنجىردە باغلىۋالغان بولۇپ، ئىتنىڭ ئاغزى - بۇرنى قان يۇقى، بەدىنىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرى زىدە، ئاق-

ساق ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇلار ھېلىراقتا ئىت تالاشتۇرۇپ قايتقانىدەك قىلاتتى. ھېلىقى ئىتنى يېتىلىۋالغىنى 19 - 18 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، بېشىغا بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە قاسقىنى بار، سوكنۇدا قاپلانغان تەلپەك، ئۇچىسىغا بولسا، كىشىلەر «يەل چاپان» دەپ ئىسىم قويۇۋالغان سېرىتمىلىق سەينەخ چاپان كىيىۋالغانىدى. يېشىغا نامۇناسىپ ھالدا ئالدىراپ قويۇۋالغان بۇرۇتى قېلىن كالپۇكلىرىنى يېپىپ كەلگەن بۇ يىگىت مەيلى ياسىنىش، مەيلى قەدى - قامەت جەھەتتە ئەتراپىدىكىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، تىلى بىر غېرىچچە ساڭگىلىغان، ھەدەپ غىڭشىپ، زىنجىر سۆرەپ كېلىۋاتقان ئاقساق ئىتىنى تەستە باشقۇرماقتا، قولى زەنجىرگە بەنت بولغاچقا، بېشىنى گاھ ئوڭ، گاھ سول تەرەپتىكى كىشىلەرگە سىلكىپ خېلى ئاچچىق بىلەن كىمنىدۇ ئەيىبلەپ، تىللاپ كەلمەكتە ئىدى ...



ئۇلار بىردە كۈدە قۇلاق ئىتنى ماختاپ، بىردە سورۇن باشقۇرغۇچىنى لىللا بولمىغانلىقتا ئەيىبلەپ قېشىمىزدىن ئۆزاپ كەتتى.

ھارۋىكەش بىر كەمدە مۇنداق دېدى:

— ھازىر ئىلگىرىكىدەك ئېتىمىزغا بىر يىغىۋالسا قويۇپ بەرمەيدىغان، قىش - ياز باش كۆتەرمەي ئىشلەپ ئىشنى تۈگەتكىلى بولمايدىغان زامان ئەمەس. دېھقانىنىڭ بوش ۋاقتى خېلى بار. يەنە دەي دېھقانمۇ ئادەم. ئۇلارنىڭمۇ ئوينىغۇسى كېلىدۇ — كۈلۈپ كۆڭۈل ئاچقۇسى كېلىدۇ. ئەمما نە ئويۇننىڭ، نە كۆڭۈل ئاچىدىغان يەرنىڭ تايىنى يوق. كىشىگە ئىچ پۇشۇق، زېرىكىشتىنمۇ يامان نەرسە بارمۇ؟ خەق ئامالسىزلىقتىن يوقلۇقىدىن گاگا، توپ - شامۇ ئوينايدۇ، ئىتمۇ تالاشتۇرىدۇ. ئەتە - ئاخشاملىرى بىكارچىلىقتا ئانچە - مۇنچە ئىچىپ قويۇپ مەستمۇ بولۇشىدۇ. ئاقىۋىتى جېدەل - ماجرا، كۆڭۈلسىزلىك بىلەن تۈگەيدۇ. ئۆتكەن يىلى گۆڭشېمىزدا بىر ئوبدان ئىش بولۇۋىدى، «بىتەلەيگە سۇ كەلسە، ئاللىقۇدىن يار كېتىپتۇ» دېگەندەك، ئىشنىڭ بېشىغا ھېلىقى سەيدام نوچامنى مىندۈرۈپ قويۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ئوبدانغىنا باشلانغان ئىشنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باستى ...

— ئاكا، قايسى «سەيدام نوچا»نى دەيسىز؟ — مەن ھارۋىكەشنىڭ شىكايەت ئاھاڭىدىكى سۆزىدىن نېمىنىدۇ پەم قىلغاندەك بولدۇم - دە، ئاسماقچىلاپ سورىدىم.

— ھېلىقى، ھېلىقى ئىت يېتىلىۋالغىنىچۇ؟

— يەل چاپان كىيىۋالغىنىمۇ؟

— تاپتىڭىز. ئەشۇ دەڭگىرەك باتۇر، تەۋۋا دەي، — دېدى ئۇ ئەپسۇسلانغاندەك قىلىپ، — كونىلارنىڭ «بەخت نەگە ماڭدىڭ دېسە، دوقا ماڭلاينىڭ قېشىغا» دېگىنىدەك بىر ئىش بولۇۋاتىدىغۇ - تاڭ. ھۆكۈمەت ئىشلارنى تۈزەلمەي ئاۋارە، بەزى ئادەملەر بۇزالماي ئاۋارە...

ھارۋىكەش ماڭا ماۋۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

ئۆتكەن يىلى گۆڭشېدا بىر مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلماقچى بولۇپتۇ. بۇنىڭدىن خۇرسەن بولغان گۆڭشېدىكى ئىدارە - جەمئىيەتلەر، ھەتتا بەزى ھاللىقراق دېھقانلار پۇل، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال دېگەندەك نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىشىپتۇ. مەكتەپلەر جوزا - بەندىڭ، تېنىس - تاك توپ تاختىسى، شاخمات دېگەندەك مۈلۈك-

جاھازلارنى تەقدىم قىلىشىپتۇ. گۈڭشې تازا ھاۋالىق، ئاۋات جايدىن ئورۇن بەلگىلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاھالىسى ئۈچ مىڭغا يېتىدىغان مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ تورۇسى تەييار بولۇپتۇ. ئىشنىڭ ھەممىسى پۈتكەندە، گۈڭشېدىكى قاسىم مۇدىر دېيىدىغان بىرسى گۈڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئوغلى غالىبنى ئوقۇشتىن توختىتىپ، ئەشۇ مەدەنىيەت پونكىتىنى باشقۇرۇشقا قويۇپتۇ. بۇنىڭ ئەل-جامائەت ئارىسىدا خېلى داۋراڭغا سەۋەب بولۇپتۇ. ئەمما بىر تەرەپتىن گۈڭشې مادارا قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن غالىبنىڭ مەكتەپتىكىلەر «ھەھۇ» دەپ داۋراڭنى بېسىپتۇ. چۈنكى قاسىمنىڭ غالىبى ئۇچىغا چىققان جېدەلخور بولۇپ، يا ئوقۇغۇچىلارغا، يا مۇئەللىملىرىگە تىنچ-ئامانلىق بەرمەيدىغىنى ئىكەن. «ھەر نېمە بولسا بىر جېدەلخوردىن قۇتۇلدۇق، — دېيىشىپ مەكتەپتىكىلەر، — ئىشقىلىپ مەكتەپكە قايتا پۇت سالمايدىغان، ئارامخۇدا دەرس ئۆتكىلى قويمايدىغان ئىش بولسىلا مەيلى.»

شۇنداق قىلىپ گۈڭشې مەدەنىيەت پونكىتى قاسىم مۇدىرنىڭ يۈز-ئابرويى بىلەن ئوغلى غالىبقا تاپشۇرۇلۇپتۇ. دەسلەپكى 15–20 كۈندە پونكىت پائالىيەت ئېلىپ بېرىپتۇ. كېيىن ئۇ يەرگە قويۇلغان كىتاب، گېزىتلەر بەڭگىلەرنىڭ تاماكا قەغىزى بولۇپ كۆيۈپ تۈگەپتۇ. جاھازلارنىڭ ئۈستىگە چىقىشىپ قارتا ئويناپ يۈرۈپ ئۇنىمۇ سۇندۇرۇپ تۈگىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىپتۇ...

— بۇ قېتىم ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ، باھالاش ئۆمىكى كېلىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، — دېدى ھارۇنكەش مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن، — باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر توپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاجرىتىپ كېلىپ، بىر كۈنگىچە سۈپۈرتۈپ، سۇ چاچقۇزۇشتى. پۈتى كۆيگەن توخۇدەك يۈگرەپ يۈرۈپ مەكتەپ قىرائەتخانىسىدىن كىتاب يۆتكەپ تىزدۇرۇشتى، ئىشقىلىپ باھالاشنى بىر نېمىلەر قىلىپ ئۆتكۈزۈۋالدى. باھالاش تۈگىگەندى، غالىب ئاخۇن يەنە ئىشىكنى تاقاپ، ئىت تالاشتۇرۇشقا باشلاپتۇ.

«مۇنداق ئىشلارمۇ بار ئىكەن-دە تېخى، — دەپ ئويلىدىم مەن ھارۇنكەشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، — قاسىم مۇدىر دېگىنى قانداقراق ئادەمدۇ-ھە؟ «سايباغ» نىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى مۇشۇنداق پالەچ، مۇرەككەپ تۇرسا، ئىدارىدىكىلەرمۇ قېرىشقاندەك مېنى بۇ يەرگە چىقارتقىنىنى، ئەستەغپۇرۇللا...»

— نېمە دەپ ئويلاپ قالدىڭىز مەيلى، راستىنى دېسەم، خەقنىڭ نان قورسىقى تويغان بىلەن كۆڭۈل قورسىقى تېخى ئاچ ئۇكام.

مەن خىيالدىن ئۆزەمنى يىغىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم. «كۆپرەك گەپكە سالاي، خىزمەتلىرىمگە پايدىسى بولىدۇ» دەپ ئويلىدىم. شۇڭا ئاندا-ساندا تىلىنى قاشلاپ قويدۇمۇ، ئۆزەم جىق گەپ قىلمىدىم.

— ئاكا، بۇ گېپىڭىزچە بولغاندا «قورساق تويدى» دېمەي، «قورساقنىڭ يېرىمى تويدى» دېسەك بولىدىكەن-ھە؟

— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئويلانغان ھالدا، — قورساقنىڭ ئاچ قالغان قىسمىنى تويغۇزۇشنىڭمۇ چارىسى تېپىلماي قالار، ھۆكۈمەتمۇ قاراپ تۇرماس ئۇكام.

— يارايسىز ئاكا، پارتىيىمىز دېھقانلارنىڭ ھېلىھەم ئاچ تۇرۇۋاتقان يېرىم قورسىقىنى تويغۇزۇش توغرىسىدا ئاللىقاچان ئويلانغان. بۈگۈن مېنىڭ «سايباغ» گۈڭشېسىغا كېلىشىمدىكى سەۋەبمۇ دەل ئەشۇ «ئاچ قورساق» نى توقلاشنىڭ چارىسىنى تېپىش ئۈچۈن دەڭا!

مەن ھارۇنكەشكە بۇ قېتىمقى سەپىرىمنىڭ مەقسىتىنى، ئىدارىنىڭ يوليورۇقى بىلەن گۈڭشېدا مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇش، مەدەنىيەت خىزمەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۈچۈن چىققانلىقىمنى، بىرنەچچە

كۆڭ تۇرىدىغانلىقىمنى كىسكىنچە قىلىپ چۈشەندۇردۇم.

— بەكمۇ ياخشى بوپتىغۇ، نېمىشقا ئەتىنىگىياقى ئېيتمايسىز — ھە، — دېدى ئۇ خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىپ، — كېيىنكىمىزچە بولغاندا، ئالدى بىلەن مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ دەرۋازىسىدىكى نەچچە ۋاقىتنىگىياقى ئېچىلماي دات بېسىپ كەتكەن قۇلۇپىنى چاقىدىكەنمىز - دە؟!

— ئەلۋەتتە ئاكا، چاقاندىمۇ قايتا ئېچىلمەيدىغان قىلىپ چاقىمىز.

— بەلەن ئىش بوپتۇ، ھەرنېمە دېيىمىز، لېكىن گەپ بىلمىسىزلىكتە، ئىشنىڭ ھەممىسى كۈچنى نەگە ئىشلىتىشنى بىلەلەيۋاتقانلىقىمىزدا. خەقەدېيقا نچىلىقنىڭ ئارىسال چاغلىرىدا مىلىكە بولغىدەك ئىش چىقسا، ئەخمىقانە ئويۇنلارنىڭ كەينىدىن مەھەللىمۇ - مەھەللە چېپىپ يۈرىدىغان كىچىك بالايوق. مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ ئىشى يۈرۈشۈپلا كېتىدىغان بولسا، ئوينايمىز، ئوقۇيمىز، ئۆگىنىمىز، ئۇچاغدا...

بىز مۇشۇنداق قىزغىن پاراڭلىشىپ نەۋاقىتتىكىن گۈڭشې ئورگىنى جايلاشقان ئورۇنغا كېلىپ قېلىپتۇق.

— مانا، مەنزىلگىمۇ كەپقالدۇق ئۇكام، — دېدى ھارۇنكەش، — ئاۋۇ پىششىق خىش بىلەن سېلىنغان ئىمارەت گۈڭشې ئورگىنى شۇ. چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ ئۇدۇل ماڭسىڭىز، پەلەمپەيلىك ئىشىك بار، كارىدوردىن ئەگىپلا ئوڭ قول تەرەپتىكى ئىككىنچى ئۆيگە كىرسىڭىز، باشلىقلارنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىسىز، خوش ئەمىسە، بىز تېخى نەچچە قېتىم كۆرۈشىمىز.

(2)

ئىشىكنى بىرھازا چەككىنىمگە قارىماي ئىچكىرىسىدىن ھېچبىر سادا بولمىدى. مەن گۇڭشېنىڭ خەۋەرچىسىدىن قاسىم مۇدىرنىڭ ئىشخانىدا بارلىقىنى بىلىۋالغىنىم ئۈچۈن ساقلاۋېرىشكە سەۋرى قىلماي، رۇخسەتسىزلا ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، پۈتۈمىنىڭ ئۇچىدا يېنىك دەسسەپ، تام تۈۋىگە بويلىتىپ ئويۇلغان ساپالارنىڭ بىرسىگە بېرىپ ئولتۇردۇم.

ئۇ مېنى كۆردى، ئەمما كۆزىنىڭ قۇيرىقى بىلەن شۇنداقلا بىرقاراپ قويدى - يۇ، ئىندىمەستىنلا قولىدىكى گېزىتكە يېڭىباشتىن كۆز تاشلىدى...

«قاسىم مۇدىر دېگەن مۇشۇ ئىكەن - دە» مەن ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە سەپسېلىشقا باشلىدىم. مۇدىر ئوتتۇرا بويلۇق، خېلىلا سەمرىگەن، ئېڭەك گۆشلىرى سالپايغان، شاپتۇرۇت كىشى بولۇپ، بېشىغا ئېگىز قاسقانلىق كۆپە تەلپەك، ئۇچىسىغا كۆك نىلۇن سارجىدا تاشلانغان كالتە جۇۋا كىيىۋالغانىدى.


ئىشخانىنىڭ تاملىرىغا خىلمۇ خىل لەۋھەلەر، تەقدىرنامىلەر تىزىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ لەۋھە، تەقدىرنامىلەرنىڭ تولىسىغا ئۆستەڭ، يول قۇرۇلۇشىنى مۇددەتتىن ئىلگىرى تاماملىغانلىق، غەللە - پاراقنى باشقىلاردىن بۇرۇن تاپشۇرغانلىق ئۈچۈن بېرىلدى دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

مەن ھەم زېرىككەچكە، ھەم تىت - تىت بولۇشقا باشلىدىم. چۈنكى ئارىدىن چارەك سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ مۇدىر قولىغا ئېلىۋالغان گېزىتتىن باش كۆتۈرۈدىغاندەك ئەمەس ئىدى. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، ئادەت - يوسۇندىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، مەن مېھمان، ئۇ ئۆي ئىگىسى، شۇنداق ئىكەن، مۇدىرنىڭ مەندىن ئەھۋال سورىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ بىراق سالاملىشىپمۇ قويماي دېمىدى...

ئىشىنىڭ «بىسمىللا» سىدىلا مۇشۇنداق بولۇۋاتقىنىدىن كەيپىم ئۇچقان بولسىمۇ، ئۆزەمنى بېسىۋالدىم.

«... ئېھتىمال مۇدىرنىڭ كۆرۈۋاتقىنى بىرەر مۇھىم باشماقالىدۇر، ئۇنىڭ تىكىلىپ

قاراپ تۇرغان ئابزاسلىرىدا پارتىيىمىزنىڭ يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىگە دائىر، دېھقانلارنى يەنىمۇ بېيىتىش يولىغا باشلاش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلەر يېزىلغانىدۇ، ياكى بولمىسا گۈڭشې ئەزالىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشىلاش ھەققىدە يېزىلغان قۇرلارغا تىكىلىپ قاراۋاتامدىغاندۇر؟...»



خىياللىرىدىن ئەشۇ پىكىرلەر غىل - پال ئۆتكەندەك قىلاۋېدى، قاسىم مۇدىرغا بولغان رەنجىشلىرىم ئاللىقاياقلارغا يوقاپ كەتتى. «سالام قىلمىسا، گەپ سورىمىسا نېمە بوپتۇ،— دېدىم مەن ئۆز-ئۆزەمگە،— ئۇنىڭ زېھنىدە بىر گۈڭشېنىڭ يۈكى بار- دە! دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يۈكسەلمەكتە، ماددىي تۇرمۇشنىڭ يۈكسەلىشى — مەنىۋى جەھەتتىكى يېڭى- يېڭى ئارزۇ- تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارماقتا. بۇ ئارزۇ- تەلەپلەر قاسىم مۇدىرغا ئوخشاش ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىنى كۈتۈۋاتماقتا. شۇنداق ئىكەن، گېزىت كۆرمىسە، ئويلانمىسا، تەپەككۇر يۈرگۈزمىسە، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان چارە- تەدبىرلەرنى تېپىپ بىر تەرەپ قىلالمىسا بولامدۇ؟...»

مەن بۇلارنى ئويلىغىنىمدا، كۆڭۈل ئېكرانىمدىن يولدا ئۇچراشقان ھېلىقى بىر قاتار ئىشلارنىڭ ئۈزۈك كۆرۈنۈشلىرى «لىپ- لىپ» قىلىپ ئۆتكەندەك بولدى.

ۋاقىت نامازدىگەرگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. قاسىم مۇدىر ھېلىھەم گېزىتنى ئالدىغا يېيىۋالغان پېتى كۆزىنى بىر نۇقتىدىن يۆتكىمەي قاراپ ئولتۇراتتى. مېنىڭ تاقىتىم چېكىگە يەتتى. ئاخىرى بولماي مۇدىرنىڭ دىققىتىنى تارتىش نىيىتىدە تاكى ئۇ ماڭا قارىغانغا قەدەر ئارقا- ئارقىدىن ئۈزۈلدۈرمەي يۆتەلگىلى باشلىدىم:

— ئۆھۆ... ئۆھۆ...

شۈكرى، يۆتەلنىڭ پايدىسى بولدى. قاسىم مۇدىر گېزىتنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويدى، ئاندىن كېيىن ماڭا باشتىن- ئاياغ سەپسېلىپ چىقىشقا ئۈلگۈردى.

— مەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت- تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن كەلدىم...

— مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن دەڭ؟ ياخشى، ئۇنداقتا ئەجەب تونۇشمايدىكەنمىز؟

— مەن ئۇ يەرگە يېڭىراقتا تەقسىملەندىم تېخى،— دېدىم مەن جاۋابەن ۋە ئۆزەمنى تونۇشتۇردۇم،— ئىسمىم مەخسۇت...

مۇدىرنىڭ كۆنگەن ئادىتى بولسا كېرەك، ئۇ ھەر ئېغىز گېپىمنى «شۇنداق»، «ياخشى»، «ئەلۋەتتە» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن بۆلۈپ تۇردى. مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— مۇدىر، ئۆزلىرىگە مەلۇم، پارتىيىمىزنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى دېھقانلىرىمىزنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا باياشاتلىق ئېلىپ كەلدى...

— شۇنداق، شۇنداق...

— ماددىي شارائىتنىڭ ياخشىلىنىپ بېرىشى— مەنىۋى ھاياتنى جانلاندۇرۇشنى تەقەززا قىلماقتا.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە...

— ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى يۈكسەلدۈرۈشنى ئاساسلىق خىزمەتلەر كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت تەنتەربىيە ئىدارىسى «سايىباغ» گۈڭشېسىنىڭ شەھەرگە يىراق بولۇشتەك ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، بۇ يەردە مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇشنى قارار قىلدى، بىز ئەسلىدە بار بولغان مەدەنىيەت پونكىتىنى تەرتىپكە سالغان ھالدا...

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى...

— گۈڭشېڭىزلاردۇ بۇھەقتە ئىدارىمىزغا ئادەم ئەۋەتىپ، ياردەملىشىشنى تەلەپ قىلغانىكەن...

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولغان... شۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى...

قاسىم مۇدىرنىڭ «ئەلۋەتتە»، «شۇنداق» دېگەندىن باشقا سۆز قىلماي پىكرىمنى ئاڭلاۋاتقانلىقى مېنى خېلىلا جۈرئەتلەندۈرۈۋەتكەچكىمىكىن، ئۆزۈم بىلىدىغان چوڭ داۋالارنىڭ ھەممىسىنى چالا قويماي ئىشلىتىپ بىر ھازا «دەرس» ئۆتكەن بولدۇم. «ئەگەر مۇدىر قوللاپلا بېرىدىغان بولسا، مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇش خىزمىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشىدۇ» دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە ئېسىمدىن كەچتى. مەن تېخىمۇ روھلىنىپ، كونكرېت ئىشلار ئۈستىدە گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋاتقىنىمدا قاسىم مۇدىر سېمىز گەۋدىسىنى ئورۇندۇقتىن تەستە يۆتكەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە سورىدى:

— ئۇكا، ھە، ياق، يولداش، ئىسمىڭىز نېمىتى؟ توغرا، يولداش مەخسۇت، شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ «سايىباغ» گۈڭشېسىدا مەدەنىيەت مەركىزى قۇرىمىزدىك، ھىم... ياخشى... ياخشى ئويلاپسىلەر، ئۇنداقتا، مەسىلەن: مەدەنىيەت پونكىتى نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟ ئەمەلدىن قالامدۇ، يا...

— نېمە دېۋاتىلا مۇدىر، مەدەنىيەت مەركىزى — مەدەنىيەت خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. كىنوخانىلار، قىرائەتخانا، مەدەنىيەت مەركىزىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ھەر خىل كۇرژوكلار قۇرۇلىدۇ. پېشقەدەم، تەجرىبىلىك دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئاگرونوملارنى تەكلىپ قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ساۋاتلىرىدىن لېكسىيە ئوقۇتىمىز. ئىشتىن سىرتقى سەنئەت، ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. ئالايلۇق، چېلىش، شاھمات، ھەر خىل توپ تۈرلىرى قىسقىسى...

— گېپىڭىزچە مەدەنىيەت مەركىزى يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىشلارمۇ ئاز ئەمەسكەن، شۇنداق... ئۇنداقتا مەدەنىيەت پونكىتىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرمايدىكەن، بۇ گېپىڭىزچە، ئالايلۇق، شتاتلىق بىر خادىم بولمىسا ئەپلەشمىگىدەك. ھە، راست، دەڭا، يۇقىرىدىن مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇشقا، ماددىي مۈلۈكلەرنى سېتىۋېلىشقا قانچىلىك راسخوت چۈشۈرۈپ بېرىدىغان بولدى؟

— مەدەنىيەت مەركىزى گۈڭشېنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ، — دېدىم مەن ئىزاھات بېرىپ، — مۈلۈك سېتىۋېلىش ۋە باشقا ئىقتىسادىي خىراجەتلىرىمۇ گۈڭشېنىڭ جۇغلانمىسىدىن ئاجرىتىلىدۇ، ئەلۋەتتە، ئادەم مەسىلىسىگە كەلسەك، ھازىرچە...

قاسىم مۇدىرغا بۇ خىلدىكى ئىزاھلاشلىرىم ياقماي قالدىمۇ، ياكى مەن ئوبدانراق چۈشەنچە بېرەلمىدىممۇ ئىشقىلىپ ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئابايام جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئوچۇق-يورۇقلۇق خۇددى چېقىن ئاپتاپتەك غايىپ بولدى. ئۇ جۇدۇنى ئۆرلىگەن ھالدا گېپىمنى بۆلۈپلا سۆزلەپ كەتتى:

— خوش، خىراجەت گۈڭشې جۇغلانمىسىدىن، ئادەم مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇمۇ «گۈڭشې جۇغلانمىسىدىن»

يەنىچۇ، — مۇدىر ماڭا مىقتەك قادىلىپ تۇرۇپ مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا سوئال قويدى، — ئېيتىڭا، يەنە نېمە ئىشلار «گۆڭشې چوڭلانمىسىدىن» بولىدۇ؟ سىز، ياق، مەسىلەن: مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسى ئايرىم مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ؟... مەن تېخى گۆڭشېمىزدا مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلسا، بىرەر شتات ھەل بولۇپ قالارمىكىن دەپ...

قاسىم مۇدىر گېپىنىڭ ئاخىرىنى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك توختاتتى-دە، ئىشخانىنىڭ ئىچىدە ئۇيياق-بۇيياققا مېڭىشقا باشلىدى.

«مۇدىرغا نېمە بولدىكىنە؟» — مەن بىر خىل تەڭقىسلىق ھالىتى ئىچىدە ئۇنىڭ ناھاللىق ئۆتۈكىنىڭ ئىشخانىغا ياتقۇزۇلغان پىشىق خىشقا تېگىشىدىن چىقىۋاتقان «تاراق-تۇرۇق» ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ ئويغا پاتتىم، كاللامغا كەچمىگەن خىياللار كەچتى، — خاتا سۆزلەپ قويدۇممۇ-يە؟ ياكى ئۇنىڭ ئىززەت-نەپسىگە تېگىدىغان بىرەر گەپ ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟...... ئۇ سورىدى، مەن جاۋاب بەردىم. بەرگەن جاۋابىم ئىدارىمىزنىڭ مەسئۇلى ماڭا چۈشەندۈرگەن بويىچە بولدى. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن... ھە، راست، مۇدىرنىڭ تۇيۇقسىز ئاچچىقلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەب — ئۆزى ئېيتقاندەك «بىرەر-يېرىم شتات مەسىلىسى» بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك تۇرىدۇ؟... توغرا، چوقۇم شۇ ئىش...؟»

يولدا مېنى ھاروۋىسىغا چىقىرىۋالغان دېھقاننىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى توساتتىن ئېسىمگە كەچتى. ئىش مۇنداقكەن-دە! قاسىم مۇدىر ئەسلىدە «سايباغ» گۆڭشېسىدا مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىمتىياز ئوغلى — ھاروۋىكەشنىڭ تىلى بويىچە ھېلىقى «سىيدام نوچام»نى بىرەر شتاتقا ئىگە قىلماقچىكەنۇ، — بىراق مېنىڭ ئېيتقانلىرىم بىلەن مۇدىرنىڭ قورسىقىغا پۈككەنلىرى بىر يەردىن چىقماي قاپتۇ...

خىيالىم بۇ يەرگە كەلگەندە، مەن بېشىمنى يەردىن كۆتۈرۈپ، كۆزۈمنى مۇدىرنىڭ چىرايىغا دادىللىق بىلەن تىكتىم. مېنىڭ بۇ قارىشىمدا گويا «قاسىم مۇدىر، كۆڭلىڭىزدە قانداق پىلان — چوت سوقۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ بولدۇم، مېنى ئەمدىلا مەكتەپ تۈگەتكەن تالىپ، تەجرىبىسى يوق بالا دەپ ئويلاپ قالماڭ. ھېلىقى مېنىڭ قولۇمدىن سىزنىڭ ئىمتىياز ئوغلىڭىزغا شتات ھەل قىلىپ بېرىش كەلمەيدۇ. ناۋادا قولۇمدىن ئۇنچىلىك ئىش كېلىدىغان بولغاندىمۇ پىرىنسىپ ئۈستىدە سودىلىشىدىغان ئىشنى ئەسلا قىلمايمەن!» دېگەن مەنا بار ئىدى.

مۇدىر ئۆزىنىڭ سېمىزلىكىگە يات بىر خىل قەدەم بىلەن مېڭىپ ئىش ئۈستىلىگە بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاچچىقى پەسكارىغا چۈشكەندەك قىلىپ ماڭا قارىدى ۋە بىر خىل تەنبىھ ئاھاڭىدا دېدى:

— يولداش مەخسۇت، ئەلۋەتتە، گەپنى ئېغىزدا دېمەك، يوليورۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرمەك، يەنە، مەسىلەن، ئالايلۇق، سىزگە ئوخشاش بىر كادىرنى ئەۋەتىپلا «مۇنداق — مۇنداق قىلماقچى» دەپ ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرماق ئانچە تەس ئەمەس. ئەمما، خوش، ئىش پۇلغا، ئىقتىسادقا تەرەپكە بېرىپ تاقالغاندا بولسا، — مۇدىر سەل — پەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كەسكىنرەك تەلەپپۇز بىلەن داۋاملاشتۇردى، — ئۇكام، ياق، يولداش مەخسۇت، مۇنداق بولسۇن، سىز ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭ، كېيىنچە ئەھۋالغا قاراپ باقايلى. مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ «سايباغ»نىڭ مەدەنىي ھاياتى، مەنىۋى تۇرمۇشى ياخشىلانمىقىسىز قالمايدۇ، قانداق دېدىم. مەسىلەن: ئالايلۇق، خوش، گۆڭشېمىزنىڭ سودا كوپېراتىپىدا ۋاكالىتەن

www.uyghurkitap.com

كىتاب سېتىشقا ئاجرىتىلغان مەخسۇس بوتكىمۇ بار، ئۇ ھەپتىدىن بۇ ھەپتىگىچە بىرەر قېتىم كىنو - پىلىنو دېگەنلەرنىمۇ قويۇپ تۇرىمىز، بىر نەچچە ئائىلىلىك كىشىنىڭ تېلېۋىزورىمۇ بار تېخى. يەنە مەسىلەن: ئەتە ئاخشىمى ئۇ ئۆي - بۇ ئۆيلەردە چۆرۈلمە مەشرەپ - ئولتۇرۇشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. خوش، يەنە زېرىككەنلەر ئىت تالاشتۇرۇپ، خوراز سوقۇشتۇرۇپ، تۇخۇم چېكىشتۇرۇپ دېگەندەك كۆڭلىنى خۇش قىلىشىدۇ. سىز ئابايام دېگەندەك توپ ئويناش، تەنتەربىيە پائالىيىتى قاتارلىقلار، — بۇ، مەكتەپ بالىلىرىنىڭ ئىشى ئۇكام. ...

قاسىم مۇدىرنىڭ مۇنداق ساۋاتسىزلارچە پاراڭلىرى سەۋر قاچامنى تاشتۇرۇۋەتكەچكە، ئۆزەمنى باسالماي، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدۈم:

— مۇدىر، گەپ سىز دەۋاتقاندەك ئەمەس، — مەن ئەمدى «سىلە، ئۆزلىرى» دېيىشنى قويۇپ، «سىز»لەشكە چۈشتۈم، — مەن يولدا كېتىۋېتىپ بەزى دېھقانلار بىلەن پىكىرلىشىپ باقتىم، چوپ - چوك ئادەملەرنىڭ توپ - شا، گاگا دېگەندەك ئويۇنلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگىنىنىمۇ كۆردۈم، كىشىلەر مەدەنىيەتكە تەشنا، ئىلىم - پەن ئۆگىنىپ، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن دېھقانچىلىق قىلىشنى خالايدۇ، كىشىلەر ئۆگەنمىسە، بىلمىسە. ...

— شاشماڭ ئۇكام، — دېدى مۇدىرمۇ بوش كەلمەي، — شۇنداق، بىز مەدەنىيەتسىز، ئىلىم - پەندىن خەۋىرىمىز يوق، دېھقانچىلىقنى بولسا ئىلمىي بولمىغان ئۇسۇل بىلەن قىلىمىز. لېكىن شۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ھەر بىر مو يەردىن نەچچە يۈز جىڭلاپ مەھسۇلات ئېلىۋاتىمىز، گەپنىڭ قىسقىسى، ئاڭلىنىشى چىرايلىق، ئەمما ئاشنان چىقمايدىغان، جىڭغا سېلىپ ئۆلچىگىلى بولمايدىغان بىھۇدە ئىشلار بىلەن ھازىرچە شۇغۇللىنالمايمىز. خوش، يەنە دەي: بۇ يىلچە مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇشقا ۋاقتىمىز يوق، مەبلەغمۇ يېتىشمەيدۇ، ئۇكام! مەركەز بولمىسا پونكىت بار ئەمەسمۇ؟

قاسىم مۇدىر ناھايىتى ئۇزاقتىن - ئۇزاق سۆزلىگەچكىمۇ، ياكى كېيىنكى بىر نەچچە جۈملە گەپنى ئۈنلۈك دەۋەتكەچكىمۇ، چىگىلىشتىن دېمى بوغۇلۇپ، تېلىقىپ يۆتىلىپ كەتتى.

مەن كۈلۈشۈمنى ياكى يىغلىشىمنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپلا قالدىم. بىر گۇڭشېنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمىتىنى تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ گەپلەرگە نېمە دېگۈلۈك؟ ھەي مۇدىر، ھەي بىچارە مۇدىر! مېنىڭ قاسىم مۇدىرغا ئىچىم ئاغرىدى، كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، مۇشۇ قاسىم مۇدىردەك كادىرلارنىڭ ئالقىنىغا تەقدىرى قاراشلىق بولۇپ قېلىۋاتقان دېھقانلارغا تېخىمۇ ئىچىم ئاغرىدى.

مەن مۇدىرغا يەنە بىر قېتىم خىزمەت ئىشلەپ بېقىش، پەقەت بولالمىغان چېغىمدا ئاندىن ئىدارىغا قايتىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلىش نىيىتىگە كەلدىم ۋە ئۇنىڭ سەل - پەل تىنچلىنىۋېلىشىنى كۈتكەچ دەيدىغان گەپلىرىمنى ئويلىۋالدىم.

— قاسىم مۇدىر، — دېدىم مەن بىر ئازدىن كېيىن، — مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇش - قۇرماسلىق سىز بىلەن بىزنىڭ رايىمىزچە بولىدىغان ئىش ئەمەس. مەدەنىيەت مەركىزى سىز ئويلىغاندەك بىر تالاي سەرمايە - مەبلەغ تەلەپ قىلىدىغان سودا - سېتىق ئىشىمۇ ئەمەس. شۇنداقلا سىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك قانداقتۇ ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈپمۇ بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئاۋارىچىلىقتىن، روھىي كەيپىياتنى بۇلغايدىغان ئىللەتلەردىن قۇتۇلدۇرىدىغان جېنىدى. دېھقانلار مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى خالايدۇ، كۆرۈپمۇ قالارسىز...

— ئۇكام، سىز دەرس ئەمەس، گەپ ئۆگىنىپتىكەنسىز - ھە؟ بولدى، ماڭا دەرس ئۆتۈپ ئاۋارە بولماڭ، دېھقانغا خەجلىگىلى پۇل،

يېڭىلى دان بولسا، قالغانلىرى بىر تىيىن. مەدەنىيەت پونكىتىنى قۇرۇۋېدۇق، ئۇنىڭدىن قانچىلىك بۇغداي، قوناق چىقتى؟ مەدەنىيەت مەركىزىنىمۇ قاراپ باقارمىز، ئۇنىڭدىن يەنە قانچىلىك بۇغداي، قوناق چىقار؟ سىز ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭ، شەرت - شارائىتىمىز پىشىپ يېتىلگەندە مەدەنىيەت مەركىزىنى ئۆزىمىزلا قۇرۇۋالارمىز.

مەن مۇدىرنىڭ شۇ ساۋاتسىزلارچە، ھۆكۈمرانلىق تەلەپپۇز بىلەن ئېيتىلغان قوپال سۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ يۇمشىمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ئىشىك ئالدىغا كەلگىنىمدە، ئۇ كەينىمدىن چىقىپ ھىجايغان ھالدا دېدى:

— گەپ شۇنداق بولسۇن، يۇرۇڭ، تاماق ۋاقتىمۇ بوپقالدى، قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ، گوڭشې تاماقخانىمىزدا پولو ياساتقىچىدى، ئېغىز تېگىپ ئاندىن قايتىڭ. خالىسىڭىز كېچىلىك ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن ئەتە ئەتىگەن قايتسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ، ياكى بولمىسا «كەت!» دەپ قوغلاۋاتامدۇ؟ ئېھتىمال ھەر ئىككىسىلا بولۇشى مۇمكىن. مەن مۇدىر بىلەن كۆڭۈلسىزلا خوشلىشىپ سىرتقا چىقتىم. لېكىن «پولو يەڭ، ئاندىن كېيىن ئۇخلاڭ»، «پولو يەڭ، ئاندىن كېيىن ئۇخلاڭ» دېگەن ئىككى ئېغىز سۆز قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىن زادىلا كەتكىلى ئۇنىمايتتى. مەن گوڭشې قورۇسىدىن چىقتىم - دە، نەگە بېرىشىمنى ئۆزەممۇ بىلمىگەن ھالدا دەرۋازىغا قاراپ ماڭدىم.

(3)

قاسىم مۇدىر بىلەن بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىز سۆھبەتتىن كېيىن، كۆڭلۈم غەش ھالدا كېتىۋاتاتتىم، كاللامدا بولسا «گوڭشې بىر مۇدىرنىڭ، دېھقانلار ئامىمىسىنىڭ تەقدىرى ئەشۇنداق «پولو يەڭ، ئۇخلاڭ»غا ھىردىسىمەن ئادەملەرنىڭ ئالقىنىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەدەنىيەت مەركىزى چوقۇم قۇرۇلىدۇ، كەڭ دېھقانلار ئۆزىنىڭ ئەتىسى ئۈچۈن مەدەنىيەت بىلەنمۇ مەشغۇل بولىدىغان كۈنلەر يېتىپ كېلىدۇ...» دېگەن خىياللار كېزەتتى. بىر چاغدا كىمدۇ بىرسىنىڭ «ئۇكام، بىرەر نەرسىڭىز چۈشۈپ قاپتىمۇ - نېمە، بېشىڭىز پەسكە ساڭگىلاپلا كېتىپتىغۇ...» دېگەن سۆزى، ئارقىدىنلا بىر نەچچەيلەننىڭ پاراقلاپ كۈلگەن خۇشخۇي كۈلكىسى قۇلىقىمغا كىردى - دە، خىيال يىپىم كېسىلدى. قارىسام، ئالدىمدا بىر توپ كىشىلەر تۇراتتى.

— قانداق ئۇكام، كۆڭلىڭىز پاراموش كۆرۈنىدۇ - نېمە؟ ھېلىقى ئىشلار قانداق بولىدىغان بولدى؟

مەندىن گەپ سوراۋاتقان بۇ كىشى ھېلىقى ھارۋىكەش دېھقان ئىدى. ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگىدەك مۇۋاپىق سۆز ئىزدەپ بولغىچە ئەتراپتىكىلەر سوراپلا كەتتى:

— مەدەنىيەت پونكىتى قايتا ئېچىلىدىغان بولدىمۇ؟

— مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلىدىكەن دەپ ئاڭلىدۇق، راستمۇ؟

— قاسىم مۇدىر نېمە دېدى؟

— ......

مەن بۇ سوئاللارغا دەماللىققا جاۋاب بېرەلمىدىم.

جاۋابىمغا تەقەززا بولۇۋاتقان بۇ كىشىلەرنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغان ئۈمىدلىك كۆزلىرى مېنى تەمتىرىتىپ قويدى. مەن ئاستىلا چەتكە قارىۋالدىم، ئۇلار جىم بولۇشۇپ قالدى.

— يۇرۇڭ ئۇكام، — دېدى ھارۋىكەش دېھقان مېنىڭ جىمغۇرلىقىمدىن بىر ئىشنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ، — بىزنىڭ ئۆي تەرەپكە بارايلى، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىمىز. ئۇ مېنىڭ «ماقۇل» ياكى «ياق» دېيىشىمگىمۇ پۇرسەت بەرمەي قولۇمنى تۇتقانچە ئۆيى تەرەپكە

كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باشلاپ كەتتى.

خېلىلا ئازادە ۋە ياسىداق بۇ ئۆي كەيپىيـ-نى بىرئاز كۆتەرگەندەك بولدى. ئۆينىڭ بالا-لىرى ئانابقا كەلتۈرۈپ چاسىمدالغان ۋە ئۆيىما نەقىش قىلىپ بېزەلگەنىدى. سۇپىغا بويلۇتۇپ رەڭدار كىگىزلەر سېلىنغان بولۇپ، ئۇدۇل ۋە يان تاملارغا كىشىنىڭ كۆزىنى چاقىنىدەك «ئەدىيال» ئۇسخىلىق گىلەملەر تارتىلغانىدى.

ھەش - پەش دېمەي چاي تارتىلدى، ئەس-لىدە، بۇ يەرگە يىغىلغانلار مۇشۇ مەھەللىدىكى دېھقانلار ئىكەن، ئۇلار ھارۋىكەشتىن مەدە-نىيەت مەركىزى قۇرۇلىدىغانلىقى توغرىسى-دىكى خەۋەرنى ئاڭلىغانلىقتىن، مېنىڭ نېمە گەپ كۆتۈرۈپ چىقىشىمغا تەقەززا بولۇشۇپ كۆڭشۈ ئورگىنى ئالدىغا كەلگەن ۋە مېنى ساقلاپ تۇرۇشقانىكەن.

مەن قاسىم مۇدىر بىلەن ئارىمىزدا بولغان دە تالاشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سۆزلەپ بەردىم. گېپىمنىڭ ئاخىرى چۈشە - چۈشمەيلا ئۇ ئۆيىدىن، بۇ بۇيىدىن ئېتىراز بىلدۈرۈ-شۈپ غۇلغۇلا قىلىشتى. مۇدىرنىڭ شەخسىيەتچى-لىكىدىن تارتىپ خىزمەت ئىستىلىدىكى بيۇ-روكراتلىقىغىچە چىشلەپ تارتىشتى، ئاخىرى بىرسى دېدى:

— ئىشنىڭ ھەممىسى قاسىم مۇدىرنىڭ دې-گىنىدەك بولۇپ كېتىۋەرمەيدۇ، بىز بولغاندا قاسىم مۇدىر بولالايدۇ.

— شۇنى دەڭلا،— دېدى يەنە بىرسى سۆز ئارىلاپ،— ئۆتكەندە بىر ئوبدان مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلۇۋىدى، بالىسى غالىپ ھەپتە ئۆتمەي ئۇنى ياتقۇزۇپ قويدى، ئەمدى دېسە. ...

— بولدى - بولدى، باق يەردە تۈگمەن تالاشمايلى. بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە كېلەتتى. يەنىلا مۇدىرنىڭ دېگىنى ھېساب دەڭلا.

— نەدە ئۇنداق ئىش باركەن؟ مەدەنىيەت پونكىتى، مەدەنىيەت مەركىزى دېگەنلەر مۇدىر-غا ئەمەس، بىزگە لازىم! بىزنىڭ قولىمىزدىن بىر تېرىشلا ئەمەس، ئەگەر خالىساق ھەر قان-داق ئىش كېلىدۇ.

— جېنى بار گەپ بولدى،— دېدى ھارۋى-كەش،— ئۇ مەدەنىيەت پونكىتىنى «ھېسابتا بار ھەمياندا يوق» ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولسا، مانا بىز قايتىدىن تىكلەيمىز. ئۇ مە-دەنىيەت مەركىزى قۇرمايمىز دېگەن بولسا، بىز قۇرىمىز!

— بىز قۇرىمىز؟

بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەم-مىسى ھارۋىكەشكە قارىدى. ئۇ نېمىنىدۇر ئوي-لىغاندەك بارماقلىرىنى پۇكۇپ بىر پەس جىمىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا يانىدىكى ئۆيدىن ئۇنىڭ ئايالى ئاپتۇۋا، چىلاپچا كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى.

— تاماق تەييار بوپتۇ،— دېدى ئۇ ئورنى-دىن تۇرۇپ،— «ئالدى بىلەن تائام، ئۇنىدىن كېيىن كالام» دەپتىكەن. ھازىر تاماق يەيلى.

قولىمىزغا سۇ قۇيۇلۇپ داستىخانغا دۈ-ۋىلەپ ئۇسۇلغان گۆشلۈك پولو كەلتۈرۈلدى.

تاماقتىن كېيىن ۋاقتىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. مەن ئۆي ئىگىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن مۇشۇ يەردە قونۇپ تېلىپشقا ماقۇل بولدۇم. مېھمانلار سىرتقا چىقىپ خېلى بىر چاقىچە بىر نېمىلەرنى دېيىشتى ۋە خوشلى-شىپ ياندى.

(4)

ئۇيقۇمدىن ئويغانغاندا كۈننەيزە بويى ئۆر-لىگەنىدى، ئاخشام بەك ئۇزاق ئولتۇرغاچقىمۇ، ياكى تۈنۈگۈنكى يول ھاردۇقى يەتكەنلىك-تىنمۇ، لايىدەك ئېزىلىپ ئۇخلاپتىمەن. كىيىنىپ ھويلىغا چىقسام بەش قولدەك كېرىپ - چىقى-ۋاتقان ئادەملەرنىڭ نېمىلەرنىدۇر قىلىشىپ يۈرگىنىگە كۆزۈم چۈشتى.

ماڭا كۆزى چۈشكەن ھارۋىكەش كۈلۈمسىر-گىنىچە ئالدىمغا كەلدى ۋە سورىدى:

— قانداق ئۇكام، ياخشى ئۇخلىيالىدىڭىزمۇ؟ تاراق - تۇرۇق قىلىشىپ يۈرۈپ ئۇيقۇڭىزنى بۇزدۇق ھەقىچان؟

— ياق، ئاكا، — دېدىم مەن، — دىۋىدەك ئۇخلاپتىمەن. ھويلىڭىز بازارغا ئايلىنىپتىمۇ نېمە، بىرەر ھاۋادىسات بولمىغاندۇ؟

— مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇۋاتىمىز ئۇكام.

— مەدەنىيەت ئۆيى؟

— ئىشەنمەيۋاتامسىز، يۈرۈڭ، ئالدى بىلەن ناشتۇ - ناھار قىلىۋېلىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ مەسلىھەت كۆرسىتىڭ.

بىز ئۆيگە كىردۇق، چاي ئىچىشكەچ ئولتۇرۇپ ھويلىدىكى بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئاخشام يىغىلغانلار ئۇزاش ئالدىدا مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ، ھارۋىكەش ئۆزىنىڭ ھازىرچە بىكار تۇرۇۋاتقان ئۆيىنى مەدەنىيەت ئۆيى قىلىپ ئېچىپ بېرىدىغان، كەنجى ئوغلى ئۇنى باشقۇرىدىغان، باشقىلار لازىملىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىدىغان بولۇپتۇ. بۇ خەۋەر ئەتىگەن بامدات نامىزىدىن يانغان ئەھلى جامائەتنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە ئىش يەنە بىر قەدەم چوڭىيىپتۇ. كىشىلەر ھارۋىكەشنىڭ ئاغزىدىن تۈنۈگۈن قاسىم مۇدىر بىلەن دېيىلگەن ئوتتۇرادا بولۇپ ئۆتكەن گەپ- سۆزلەرنى ئاڭلاپ، مۇدىرنىڭ پوزىتسىيەسىدىن ئاغرىنغان بولسا، مەدەنىيەت ئۆيى قۇرماقچى بولغىنىنى ئاڭلاپ تازا خۇشال بولۇشۇپتۇ. كىم قانچىلىك ياردەم قىلالىسا، شۇنچىلىك ھە- ھۇ دېيىشمەكچى بولۇپتۇ. ھويلىدىكى ئىشلار ئەنە شۇنىڭ ۋەجىدىن ئىكەن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ گېلىمدىن نانىمۇ ئۆتمىدى. چالا- بۇلا ناشتا قىلىپلا سىرتقا چىقتىم، ھويلىغا كىرىپ چىقىۋاتقانلار بىلەن سالام - سائەت قىلىشىپ، تەييارلىنىۋاتقان مەدەنىيەت ئۆيىگە كىردىم، ئۆي خېلىلا چوڭ ئىكەن، ئۇدۇل تامغا پىرىكازچىك ئارتېلگە ئەكىلىپ بەرگەن مال جازىسى قويۇلۇپتۇ. ئىككى يان تامغا پىلە قۇرۇتى بېقىلىدىغان سۆچەكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، قەۋەتلىرىگە تاختايلار تىزىلىپتۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان بورا ئۈستىگە خىلمۇ- خىل كىتابلار، ئەدەبىي ژۇرناللار، رەسىملىك كىتابلار دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ! كىشىلەردۇ تاملارغا جىگدە شوخىسى بىلەن سۈرەتلەرنى قادىشىۋاتىدۇ، يەنە كىشىلەردۇ تام- تورۇسلارنى شاخ سۈپۈرگە بىلەن سۈپۈرۈپ تازىلىشىۋاتىدۇ....

پاھ! نېمە دېگەن قىزغىنلىق، نېمە دېگەن روشەن سېلىشتۇرما- ھە! بىرسى ئىمكانىيىتى تۇرۇقلۇق رەت قىلىدۇ. بىرسى شارائىتنى ئۆزلىرى يارىتىپ بەرپا قىلىۋاتىدۇ!

مەن سوقما تاملىق كىچىككىنە ھويلا ئىچىدىكى بۇ جۇشقۇن كەيپىياتتىن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ مەرىپەتكە، ئىلىم- پەنگە ئىنتىلىدىغان ئوبرازىنى كۆرگەندەك بولدۇم، ئۇلارنىڭ ئەتىسىنىڭ تېخىمۇ پارلاق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچەم تېخىمۇ ئاشتى.

— ئىنىم، ئەپلىشىپتىمۇ؟

— ئەپلىشىپتۇ ئاكا، ئەپلەشكەندىمۇ راسا ئوبدان ئەپلىشىپتۇ!

مەن ئەشۇ گەپنى سورىغان ناتونۇش مويسىپىت دېھقاننىڭ ئۇچتەك ئاقارغان ساقىلىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم.

بىز چۈشكە قالماي بۇ ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، كىتابلارنى جازا، سۆچەكلەرگە رېتى بىلەن تىزىپ چىقتۇق، مەش قويدۇق، چۈشلۈك تاماققا يېقىن قالغاندا گۇڭشېنىڭ پارتكوم شۇجىسى لاۋچېن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا قېشىمىزغا ئۇندى.

— ھارمىغايسىلەر، مەدەنىيەت پونكىتىغا مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ئۇ كۆپچىلىك بىلەن كۆرۈشۈپ ۋە مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ دېدى:

— يولداش، شەھەردىكى يىغىنىمىز تۈگەپلا يولغا چىققانتىم. ئەپسۇسكى. ...

شۇجى سۆزىنى توختىتىپلا ھارۋىكەشنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۇيغۇر دېھقانلىرى مەدەنىيەت بىلەن شۇ-

غۇلىنىشىنى خالايدۇ، چۈنكى، ئۇلار بىلىمنىڭ ماددىي بايلىق يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزدى. رەھمەت سىزگە،— ئۇ ئارتۇقچە سۆزلەشنى بىئەپ كۆردىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، گېپىنى توختىتىپلا قولىدىكى سومكىسىنى ئاچتى- دە، لۆڭگىگە ئورالغان يىپ- يېڭى رادىئولۇق ئۈنئالغۇنى ئېلىپ تەڭلىدى،— مانا، بۇ مېنىڭ شەخسى سوۋغام بولۇپ قالسۇن. گۈڭشېمىزدا، ھەر بىر مەھەللىمىزدە، ھەتتا ئائىلىلەردىمۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاش مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ، مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

— ئەمدى بىزگە رۇخسەت قىلىڭلار،— دېدى شۇجى خۇشلىشىپ،— بۇياق بىلەن ئازراق پاراڭلىشىۋالايلى.

بىز ئۆي ئىگىسىنىڭ «تاماق يەپ قايتىڭلار» دەپ قانچە چىڭ تۇتقىنىغا قارىتا، كېيىن ئالاھىدە كېلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ يۈرۈپ كەتتۇق ...

X X

قاسىم مۇدىر ھازىر تىرىكلەر دۇنياسىدا يوق، ئۇ ھايات كىشىلەر تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈلۈپتۇ ...

ئۆز ۋاقتىدىكى «سايىباغ» گۈڭشېسى ھازىر «سايىباغ» يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

قاسىم مۇدىرمۇ، «سايىباغ» گۈڭشې دېگەن ئىسىممۇ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا «ئۆتمۈش»كە ئايلاندى. ئەمما «سايىباغ»لىقلار ئارزۇ قىلغان ئىسمى- جىسمىغا لايىق مەدەنىيەت پونكىتىمۇ قۇرۇلۇپتۇ. قۇرۇلغاندىمۇ ئىككى قەۋەت قىلىپ قۇرۇلۇپتۇ. گەرچە «قاسىم مۇدىر» بىلەن «گۈڭشې» دېگەن بۇ ئىككى ئىسىم ھازىر مەۋجۇتلۇق ئالىمىدە بولمىسىمۇ، رەھمەتلىك مۇدىرنىڭ ئىئانە قىلغان ئونمىڭ يۈەن پۇلىغا سېتىۋېلىنغان ماددىي ئەسلىھەلەر «سايىباغ» زېمىنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى قەۋەتلىك مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئۆيلىرىدە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقاندۇ؟ ...

قاسىم مۇدىرنىڭ نامىزىنىڭ داغدۇغا بىلەن چۈشۈرۈلگەنلىكىگە شۇبھىلەنمەيمەن، ئەمما قەبرىسى ياخشى قاتۇرۇلدىمۇ- يوق، بىر نەرسە دېيىش تەس. ...

مەن بىر كۈنىسى «سايىباغ»لىقلارنىڭ بىرسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇقۇشۇمچە، «سايىباغ»دا ئۆزگىرىش چوڭ ئىكەن. ئەشۇ قېتىم مەن بارغاندا گۈڭشې پارتكوم شۇجىسى بىلەن لايىھىسىنى تۈزگەن مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلۇپ بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق نامايەن قىلىشقا باشلاپتۇ. ھارۋىكەشنىڭ ئۆيىدىكى مەدەنىيەت پونكىتى ھازىر چوڭ ئىش تەۋرىتىپتۇ. ئۇلار كەسپلەشكەن مەدەنىيەت تارقىتىش ئائىلىسىگە ئايلىنىپتۇ. 17سۈڭلۈك رەڭلىك تېلېۋىزور، كىنو قويۇش ئاپپاراتى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، ئامىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇپتۇ.

— قاسىم مۇدىر قازا قىلىپ كېتىپتۇ، ئوغلى غالىب نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— شۇنداق، ئۇ قازا قىلدى. ئوغلى ئاتىسىدىن بۇرۇنراق ئالەمدىن كەتتى.

«سايىباغ»لىق كىشى ماۋۇلارنى ئېيتىپ بەردى:



بىر كۈنى غالىب قوشنا مەھەللىگە ئىت تالاشتۇرغىلى بېرىپتۇ. قېرىشقاندەك ئۇنىڭ ئىتى يەنە تالىنىپ كېتىپتۇ. ئىززاغا چىدىمىغان غالىب ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىكى يېڭىسار پىچىقىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئىتنىڭ قورسىقىغا سانجىپتۇ. كۈتۈلمىگەندە پىچاق تېيىلىپ كېتىپ ئىتنىڭ ئارقا پۇتى زەخىملىنىپتۇ. ئاغرىققا چى-

دېمىغان ئىت ئۆز ئىگىسىگە ئېتىلىشىپلا كارىنى يەمدىن ئاپتۇ. ئەتراپتىكىلەر بىر نېمىلەرنى قىلىپ ھەق بالادا غالىبنى ئىتنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجرىتىۋالغان ۋە دەرھال دوختۇرخانىغا يۆتكىگەن بولسىمۇ، جاراھەتتى ئېغىر بولغاچقا، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

— قاسىم مۇدىر بۇ جۇدالىقتا قانداق چىدىغاندۇ؟

— قاسىم مۇدىرنىڭ ئوغلىنى «كۆتەر- كۆتەر» قىلىپ «سايباغ»قا ئېلىپ كەلدۇق. بۇ دەل يېزىلىق ھاكىمىيەت سايلىمى بولۇۋاتقان كۈنلەر ئىدى. غالىبنى يۇيۇپ- تاراپ يەرلىكىدە قويدۇق. ئەتىسىدىن باشلاپ قاسىم مۇدىرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يېتىپ قالدى. ئىككىنچىلەپ ئورنىدىن تۇرالمىدى. ...

«سايباغ»لىقنىڭ سۆزلەپ بېرىشىگە قارىغاندا، شۇ كۈنلەردە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ سايلىمى بولۇۋاتقانىكەن. ئەمما قاسىم مۇدىرنىڭ خىزمەت ئىستىلى، بولۇپمۇ مەنىۋى تۇرمۇشنى جانلاندۇرۇشتا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇ نامزات قىلىپ كۆرسىتىلمىگەنىكەن. دەل «ئۆلەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك»دېگەندەك ئوغلى ئىتقا تالىنىپ ئۆلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاسىم مۇدىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ بىر نەچچە كۈن ياتقان جەرياندا خىلمۇ- خىل قورقۇنۇچلۇق چۈشلەرنى كۆرۈپ، جۆيلۈپ، ناھايىتى بىئارام بولۇپتۇ.

قاسىم مۇدىرنىڭ باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىشىچە مۇنداق بىر غەلىتە چۈش كۆرگەنىمىش:

— «سايباغ» دېھقانلىرى قوللىرىغا گاگا، توپ- شا ئوينايدىغان كالتەك، پالاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ كېلىۋاتقىدەك. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن سوغۇق كۈلكە يېغىپ تۇرغىدەك- يۇ، كۆزلىرىدىن مەسخىرىلىك ئۇچقۇنلار يېلىنجارمىش. ئۇ «مەن كېسەل» دەپ ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ دېھقانلار ئۇنىماي «گاگا ئوينايمىز. توپ- شا ئوينايمىز» دەپ ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆرەرمىش... بىركەمدە بىر توپ ئىتلارنى ئەگەشتۈرۈۋالغان ئوغلى غالىب ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، دادىسىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، ئىتلارنى ئۇنىڭغا كۇشكۇرتەرمىش. «مەن ئوقۇيمەن،— دېگۈدەك ئوغلى پەس ئاۋازدا،— سەن ئىت تالاشتۇرۇشقا بارغىن، ياكى بولمىسا مۇنۇ ئىتلىرىم بىلەن تالىشىپ بەرگىن»...

قاسىم مۇدىرنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ياماناشىپتۇ. كېسىلى ياماناشقانسېرى تولا جۆيلۈپ، يامان چۈشلەرنى كۆرۈپ ئارام تاپالماپتۇ. ئۇ نەپەس ئۈزۈشىنىڭ ئالدىدا گۇڭشې بانكىسىنىڭ مەسئۇلى بىلەن مەھەللىدىكى بىر نەچچە مۆتىۋەرلەرنى قېشىغا چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى يىغىش قىلغان ئون مىڭ يۈەن پۇلنىڭ چېكىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:



— مەن سەكراتقا چۈشكەندىلا ئاندىن خاتالىقىمنى ھېس قىلدىم، مېنى ئەل- يۇرتنىڭ ئاھى تۇتتى. ئوغلۇمنىڭ روھىي گېلىمدىن بوغدى. ھاياتلىقىمدا ئەھلىي- مەھەللىنىڭ ئارزۇسىنى چۈشەنمەپتىمەن. جەمئىيەت تەلىپىنىڭ كەينىدە قاپتىمەن. «سايباغ»لىقلار مېنى ئەپۇ قىلسا، مانا بۇ ئون مىڭ يۈەن پۇل. مەن بۇنى دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت راسخوتى قىلىشىغا تەقدىم قىلدىم. ...

مۇدىر شۇ سۆزلەرنى قىلىپلا تىنىقتىن قېلىپتۇ. ...

X X

قولومدا ھېلىقى گېزىت، خىيالىمدا بولسا «سايباغ»دىكى ئۆزگىرىشلەر. ئۇ يەردە ئاخىرى ئىككى قەۋەتلىك مەدەنىيەت پونكىتى قەد كۆتۈرۈپتۇ. مۇدىر رەھمەتلىك قازا قىلىش ئالدىدا بولسىمۇ ئويغىنىپتۇ، دېھقانلار ئەمدى ئۇنى خەيرلىك ئىشى ئۈچۈن يادلىماي قويمايدۇ، لېكىن ئۇ تىرىكلەر ئارىسىدا يوق.

uyghurkitap.com




(بېشى ژۇرنىلىمىزنىڭ 4 - سانىدا)

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

## 10. كۇۋەيتتىكى كۈنلەر

ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆمرەھەج قىلىش، دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ پاكىستان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى پائالىيەتلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ، 1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە شەھىرىدىن ئايرىلىپ كۇۋەيتكە قاراپ ئۇچقانلىقىمىزنى ئەيت قىلغانىدۇق. بىز ھاۋا سەپىرىنى ئىككى سائەتتەك داۋام قىلىپ كۇۋەيت شەھىرىگە كەلدۇق ۋە ئايرودرومدا كۇۋەيت دىنىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ مىنىستىرى قاتارلىق ئەربابلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتۇق. كۆپ ئۆتمەي شەھەر ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىپ، كۇۋەيت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى رېستۇران — ھىلتون(HILTON) رېستۇرانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق ۋە ئەتىسىلا پائالىيىتىمىز باشلىنىپ كەتتى. يەر مەيدانى جەھەتتىن كىچىك ۋە ئاھالىسى جەھەتتىن ئاز بولۇشىغا قارىماي دۇنيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدە، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي سەھنىسىدە چوڭ رولىنى ئويناۋاتقان بۇ دۆلەتتە تۇرغان ۋاقتىمىزنىڭ قىسقىلىقىغا قارىماي كۈنلىرىمىز بەكمۇ مەزمۇنلۇق ئۆتتى. ئەنە شۇ مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەر داۋامىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىزنى مۇشتەرىلەرگە سۆزلەپ بېرىشتىن بۇرۇن كۇۋەيت ھەققىدە بىلگەنلىرىمىزنى تەقدىم قىلماقچىمەن. مەملىكىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى بولغان ۋە يېقىن ئۆتتۈۋاتقان بۇ دۆلەتنى چۈشۈنۈۋېلىش مۇشتەرىلىرىمىز ئۈچۈن ئارتۇقچە ھېسابلانماس.

كۇۋەيتنىڭ يەر مەيدانى 17 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 220 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە 150 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاھالىسى بىر مىليونغىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ زېمىندا يا بىرەر دەريا، بىرەر كۆل يوق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ دۆلەت نېفىت زاپىسى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 3-ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ مەملىكەتنىڭ جەنۇبىدىكى دائىرىسى 30 كىلومېتىر، قېلىنلىقى 135 مېتىر بولغان نېفىت زاپىسى چوڭ بىر نېفىت ئامبىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دەسلەپتە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى 1937-يىلى بۇ يەردە نېفىت بارلىقىنى بايقىغان.



شۇنىڭدىن باشلاپ كۇۋەيتنىڭ نېفىت كېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ھوقۇقى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن مونوپول قىلىۋېلىنغان. 1961 - يىلى كۇۋەيت مۇستەقىللىق جاكارلىغاندىن كېيىنلا نېفىتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى كۇۋەيتنىڭ ئۆز قولىغا ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان نېفىت سانائىتى مىللىي دارامەتنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھازىر ھەر بىر كۇۋەيتلىققا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىم 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

ھىلتون رىستۇرانى ھەشەمەتلىك رىستۇران بولۇپ، يېتىپ - قوپۇدىغان ياتاقلاردىن ئۆزگە كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى، قىمار زالى قاتارلىقلار ۋە قىممەت باھالىق ماللار سېتىلىدىغان ماگىزىنلارمۇ باركەن. غەرب دۇنياسىدىن كەلگەنلەر ۋە ئاز ساندىكى ئەرەبلەرمۇ مۇشۇ رىستۇراندا چۈشىدىكەن.

بىز 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دەم ئالغاندىن كېيىن ئەتىسىلا پائالىيىتىمىزنى باشلىۋەتتۇق. بۇ پائالىيەتلەردە كۇۋەيت تەرەپنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ كۇۋەيتتە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ خادىملىرى بىز بىلەن بىللە بولدى، بىز ئالدى بىلەن شەھەرنىڭ غەربىگەرەك جايلاشقان بىر ئىنىستىتۇتتا زىيارەتتە بولدۇق. بۇ ئىنىستىتۇت ئاساسەن دىنىي ئىنىستىتۇت بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىكەن، ئەرەب تىلىنى بىلمەيدىغانلار ئالدى بىلەن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىدىكەن. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئەسلىھەلىرى ئىلغار بولغانلىقتىن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا ساۋات چىقىرىش مۇمكىن ئىكەن. مەكتەپ مەسئۇلى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن ئۆمىكىمىزدىكى ئەرەب تىلىنى بىلىدىغان يولداشلار بىلەن ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىپ بېقىشقا بىر ئوقۇغۇچىنى چىقاردى. بۇ ئوقۇغۇچى رومىنىيىلىك بولۇپ، مەكتەپكە كەلگىلى بىر يىل بولاي دەپ قاپتۇ. بۇرۇن ئەرەبچىنى ئەسلا ئۇقمايدىكەن. بىراق ئۇ ئۆمىكىمىزدىكىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە قىلچە دۇدۇقلىمىدى. بىز سىنىپقا كىردۇق. بىر سىنىپتا ھەر قايسى دۆلەتلەردىن، فىلىپپىندىن، سىنگاپۇردىن، تۈركىيىدىن، سىپرۇستىن كېلىپ ئوقۇۋاتقانلار باركەن. بىز كىرگەندە ئوقۇتقۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇشلارنى، ئورمانلارنى ئاسراش توغرىسىدىكى بىر ھەدىسىنى ئوقۇغۇچىلارغا شەرھلەپ بېرىۋاتقانىكەن. بىز كىرگەندىن كېيىن سىپرۇسلۇق بىر ئوقۇغۇچى ئۆلچەملىك ئاھاڭدا قۇرئان قىرائەت قىلىپ بەردى.

مەكتەپ مەسئۇلىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى پۇلسىز ئوقۇتۇلىدىكەن، ھەر يىلى تەتىلدە مەملىكىتىگە قايتقاندىمۇ مەكتەپ ئۇلارغا بېرىش - كېلىش ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ بېرىدىكەن، ئوقۇش مەزگىلىدە ھەر ئېيىغا 70 دىنار (بىر دىنار 3.4 ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ) تۇرمۇش پۇلى بېرىدىكەن.

مۇشتەرىلەر ئېھتىمال گېزىت - ژۇرناللاردىن بۈگۈنكى كۈندە كۇۋەيتنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالغان مەشھۇر سۇ مۇنارىسىنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. 9 - دېكابىر كۈنى بىز سىرتقى كۆرۈنۈشى جەھەتتىن ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە، ئىچكى قۇرۇلۇشى جەھەتتىن تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان بۇ مۇناردا ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق. دېڭىز قولتۇقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۈچ مۇنارنىڭ بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 187 مېتىر بولۇپ يەر يۈزىدىن 120 مېتىر ئېگىزلىكتە بىر شارسىمان جايى بار ئىكەن. بۇ شارنىڭ ئاستى يېرىمى 100 نەچچە كىشى سىغىدىغان بىر ئالىي دەرىجىلىك رىستۇران ئىكەن. ئۈستى يېرىمى بولسا ھەر 30 مىنۇتتا بىر ئېتىم چۆگىلەپ بولىدىغان يۇمىلاق زال ئىكەن. بۇ يەردە تۇرۇپ پايتەخت مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش مۇمكىن ئىكەن. بۇ مۇنارنىڭ يەنە يەر يۈزىدىن ھېسابلىغاندا 150 مېتىر ئېگىزلىكتە كېلىدىغان يېرىدە يەنە بىر شارسىمان جاي بولۇپ، بۇنىڭ ئىچى گۈل - گىيا

www.uyghurkitap.com

ۋە كىچىك دەرەخلەر بىلەن بېزەلگەن مۇزىكا زالى ئىكەن. بۇ يەردە ئەرەبلەرنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى ۋە غەربنىڭ دىسكوسىنى تاماشا قىلىش مۇمكىن ئىكەن. ئارىلىقى يېقىن جايلاشقان بۇ ئۈچ مۇنارنىڭ يەنە بىرى 2 مىليون گاللون سۇ سىغىدىغان سۇ مۇنارى ۋە يەنە بىرى ماياك مۇنارى ئىكەن. بىز بۇ مۇنارلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندا چوڭ مۇنارنىڭ رېستورانىدا سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ ئارام ئالدۇق ۋە مۇزىكا زالىدا بولدۇق.

شۇ كۈنى بىز يەنە كۇۋەيت شەھىرىنىڭ ئىستېمالچىلار كوپىراتىپىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ كوپىراتىپ ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ پاي قوشۇشى ئارقىلىق قۇرۇلغان كوپىراتىپ بولۇپ كوپىراتىپ تەركىبىدە ھەر خىل تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، مەسىلەن: يېمەك ـ ئىچمەك، كۆكتات، پىششىقلانغان يېمەكلىكلەر، ئائىلە توك سايمانلىرى، كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنلىرى بولۇپ مال مەنبەئى تولۇق ئىكەن. پۇقرالاردىن كىم بولمىسۇن بۇ كوپىراتىپقا بىر قانچە دىناردىن بىر قانچە مىڭ دىنارغىچە، ئىشقىلىپ ئازدۇر ـ كۆپتۇر پاي قوشسىلا كوپىراتىپنىڭ تەمىنلىنىش كېنىشكىسىگە ئېرىشەلەيدىكەن. بۇ كېنىشكىنى ئېلىپ كېلىپ بۇ كوپىراتىپ تەركىبىدىكى ماگىزىنلاردىن خېلى ئەرزان ماللارنى سېتىۋالالايدىكەن. قوشقان پېيىنىڭ ئۆسۈمى بولسا بانكىنىڭكىدىن خېلى يۇقىرى ئىكەن.

بىز يەنە كۇۋەيتنىڭ شەھەر مەركىزىدە يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان بۇ يىل يىل بېشىدا پۈتۈش مۆلچەرلەنگەن بىر چوڭ مەسچىدنى كۆردۇق. ھەشەمەتلىكى ۋە بېزىلىشى جەھەتتە ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بۇ مەسچىدكە تامامەن زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلىپتۇ. مەسچىد تەركىبىدە ماشىنا توختىتىش مەيدانلىرى، مۇنچا، فونتان، كۇتۇپخانا، تەتقىقات ئورنى قاتارلىق مۇئەسسەسەلەر بار ئىكەن. كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ كاتالوگى تامامەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدا ساقلىنىدىكەن.

كۇۋەيت شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ئەرەب بازىرى ھەر خىل ئۇششاق تاۋارلار بىلەن تولغان بازار ئىكەن. بۇ بازاردا يۇقىرىسى قىممەت باھالىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىدىن تارتىپ تۆۋىنى ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدىن چىقىدىغان بومباي سۈرمىسىگىچە سېتىلىدىكەن، بۇ زالدا ئۇرغۇن كىچىك ماگىزىنلار بولۇپ، دۇكان ئىگىلىرى خېرىدارلارنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن جەلپ قىلىپ تۇرىدىكەن. دۇكانلارغا كىرگۈچى ھەرقانداق خېرىدار «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ كىرىدىكەن، دۇكاندار جاۋابەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەندىن كېيىن خېرىدار ئۈچۈن جان دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىكەن

كۇۋەيت ھۆكۈمىتى چەتتىن كىرگۈزۈلگەن ماللارغا نىسبەتەن تۆۋەن مىقداردا تاموژنا بېجى سىياسىتىنى يۈرگۈزگەچكە ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ باھاسى ئەرزان ئىكەن. مەن ئەرەب بازىرىدىن ئىككى دىنارغا بەش ياشلىق قىزىم ئۈچۈن بىر كۆپتۈرە چاپان سېتىۋالدىم. بۇ چاپان تەيۋەندە ئىشلەنگەن بولۇپ ھەم كۆركەم، ھەم سۈپەتلىك، جۇڭگو پۇلىغا سۇندۇرغاندا 12 يۈەنگە توغرا كېلىدۇ.

بۇ يەردە مەيلى ھۆكۈمەت ماگىزىنلىرىدا بولمىسۇن ياكى شەخسلەرنىڭ ماگىزىنىدا بولمىسۇن، نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغاندا باھا تالىشىدىغان گەپ ئىكەن، تاۋارلارنىڭ مۇقىم باھاسى بولمايدىكەن.

بىز 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى يەنە كۇۋەيت شەھىرىدىكى بۈۋى خەلىچە نامىلىق مەسچىدتە پېشىن نامىزىنى ئوقۇدۇق. بۇ مەسچىد بېلىق سىرتىسىمان سېلىنغان بولۇپ، سىرتتىن قارىغاندا ئانچە چوڭ كۆرۈنمەيدىكەن، ئەمما ئىچىگە كىرگەندە چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك تۈسى كۆزگە چېلىقىدىكەن. دىنىي قائىدىلەر بۇ يەردە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكىدىنمۇ چىڭ ئىكەن، سەئۇدى ئەرەبىستاندا نامازنىڭ پەرزىنى ئوقۇپ بولۇپلا مەسچىدتىن چىقىپ كېتىشكە مۇمكىن بولاتتى. مەن بۇ مەسچىدتە ناماز ئوقۇغان ۋاقتىمدا نامازنىڭ پەرزىنى ئوقۇپ بولۇپلا سەپتىن چېكىنىدىم. بىراق

كەينىمدىكى سەپتىكى ئەرەب جامائەتلىرى بىلىكىمدىن تۇتۇپ قويدى، مەن كەينىمدىكى سەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە بولمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ سەپنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم. بىراق ئۇ تەرەپتە تۇرغانلارمۇ مېنى ئاستا تۇتۇپ قويدى. مەن دەرھال ئۆز سېپىمگە قايتىپ نامازنىڭ سۈننەت ۋە ۋاجىپلىرىنى ئوقۇدۇم. دېمەك، بۇ يەردە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكىگە ئوخشاش پەرزنى ئوقۇپ بولۇپلا مەسچىتتىن چىقىپ كېتىشكە بولمايدىكەن دەپ چۈشەندىم.

بىز كۇۋەيتكە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى كۇۋەيت دىنىي ئىشلار ۋازارىتى شىراتون (SHIRATON) رېستورانىدا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بىزنى قارشى ئالدى. بۇ زىياپەتكە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى، دىنىي زاتلار، ئىلىم ساھەسىدىكى مەشھۇر كىشىلەر قاتناشتى. زىياپەتتە ھېچقانداق ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر ئىچىلمىدى. ئەمما ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ سۈيى ئىنتايىن مول بولدى. سەئۇدى ئەرەبىستاندا ۋە كۇۋەيتتە زىياپەتنىڭ تەرتىپى ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. ئالدى بىلەن ئۆزىمىز خالىغان ئورۇنلاردا ئولتۇرىدىكەنمىز ۋە پىشۇرۇلۇپ، تەكشىلەرگە ئېلىپ ئاستىغا تۈك بىلەن ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈلۈپ ھور چىقىۋاتقان تاماقلارنى خالىغىنىمىز بويىچە تەخسىگە ئېلىپ ئورنىمىزغا ئەكىلىپ يەيدىكەنمىز. تاماقتىن كېيىن يەنە ئۆزىمىز بېرىپ قاتار تىزىپ قويۇلغان مېۋىلەر دۆۋىسىدىن ئۈزۈم، تاۋۇز، قوغۇن، بانان، جۇيزە، ئانار قاتارلىقلاردىن تاللاپ يەيدىكەنمىز. زىياپەتلەردە مەخسۇس تۇخۇ گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپ، قوي گۆشى كاۋىپىمۇ بولىدىكەن.

كۇۋەيت زور ھەجىمدىكى نېفىت كىرىمىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن پۇقرالارنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىمۇ كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈلگەن. بۇ پاراۋانلىق پەن - مائارىپ، داۋالىنىش، ئولتۇراق ئۆي جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدىكەن.

كۇۋەيتتە تولۇق ئوتتۇرا مائارىپى ئومۇملىشىپ بولۇپتۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرەلەيدىكەن، يەسلىدىن تارتىپ ئۇنىۋېرسىتېتقىچە تامامەن ھەقسىز ئوقۇشتىن بەھرىمەن بولالايدىكەن. ھۆكۈمەت ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇش راسخودى ئالمايلا قالماستىن بەلكى ئوقۇغۇچىلارغا كىتاب - دەپتەر، مەكتەپ كىيىمى، چۈشلۈك تاماق، قاتناش ۋاسىتىسى قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. ھەتتا ھەر ئايدا پارچە - پۇرات خىراجەت ئۈچۈن پۇل تارقىتىپ بېرىدىكەن. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەر ئايدا 10 دىنار، (بىر دىنار 3 - 4 ئامېرىكا دوللىرىغا، ھەر بىر دوللار تەخمىنەن ئۈچ يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 15 دىنار، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 20 دىنار، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىغا 25 دىنار بېرىدىكەن.

كۇۋەيتتە ساقلىقنى ساقلاش، داۋالاش ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلغانىكەن. مەملىكەت بويىچە 15 چوڭ دوختۇرخانا ۋە 54 داۋالاش مەركىزى بار ئىكەن. كۇۋەيت پۇقراسىنىڭ ھەممىسى ھەقسىز داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولىدىكەن. كۇۋەيتتە ساقىيالمىغان ھەر قانداق كۇۋەيت پۇقراسى ساقلىقنى ساقلاش مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق چەت ئەلگە چىقىپ داۋالىنىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەن. چەت ئەلگە چىقىپ داۋالانغۇچىنىڭ يول راسخودى، داۋالىنىش، ياتاقتا يېتىش، يېمەك - ئىچمەك راسخودى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت ئۆز ئۈستىگە ئالىدىكەن، ھەتتا ھەمراھ بولۇپ بارغان بىر نەپەر ئائىلە تەۋەسىنىڭ بېرىپ - كېلىش يول راسخودىنىمۇ ھۆكۈمەت كۆتۈرىدىكەن.

كۇۋەيت ھۆكۈمىتى كۇۋەيت پۇقرالىرىنىڭ تۇرالغۇ جاي مەسىلىسىگىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل

بولىدىكەن. ئادەتتە ئايلىق كىرىمى 600 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتمەيدىغانلارنى چەكلىك كىرىمگە ئىگە كىشىلەر دەپ ھېسابلاپ،ئاددى تۇرالغۇ جايلارنى قۇرۇپ بېرىدىكەن. بۇنداق ئاددىي تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ھەر بىرى ئىككى تەۋەتلىك كىچىك بىنا بولۇپ كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر بولىدىكەن. ئاستى - ئۈستى تەۋەتلەردە ئالتە ئېغىز ياتاق ئۆي، يەنە مېھمانخانا، ئاشخانا، يۇيۇنۇش ئۆيى قاتارلىقلار بار ئىكەن. بۇنداق ئۆيلەردىن ھۆكۈمەت ھەر ئايدا 30 ئامېرىكا دوللىرى ھېسابىدا سىموۋول خاراكتېرلىك ئۆي ئىجارىسى يىغىۋالىدىكەن. 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئۆيلەر شەخسلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كېتىدىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا 20 يىل خىزمەت قىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر پىنسىيىگە چىقالايدىكەن. پىنسىيىگە چىققاندىن كېيىن خىزمەتتىكى مۇئاشىنىڭ 75 پىرسەنتىدىن بەھرىمەن بولالايدىكەن.

كۇۋەيتلىكلەر توي قىلسا ھۆكۈمەت 2000 دىنار ياردەم بېرىدىكەن. يەنە 2000 دىنار قەرز بېرىدىكەن. دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بالىلار ئۈچۈن 30 دىنار ياردەم قىلىدىكەن. ئىمپورت قىلىنغان ماددىي بۇيۇملار ئۈچۈن پەقەت تۆت پىرسەنتلا تاموژنا بېجى ئالىدىكەن. تاپاۋەت بېجىمۇ كېچەرىم قىلىنغانىكەن.

كۇۋەيتتە يۇقىرى مۇئاشلىق تۈزۈم يولغا قويۇلغانىكەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن مۇئاشى 250 دىناردىن (خەلق پۇلىغا تەخمىنەن 2550 يۈەنگە تەڭ) كەم بولمايدىكەن، يۇقىرى مۇئاشلىقلارنىڭ ئايلىق مۇئاشى بولسا 3000 دىنار (خەلق پۇلىغا چېقىشتۇرغاندا تەخمىنەن 30 مىڭ 600 يۈەن) دىن ئاشىدىكەن.

كۇۋەيتتە دەريا ۋە كۆل يوقلۇقىنى باشتىلا قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. شۇ سەۋەپتىن بۇ يەردە سۇ نېفىتتىن قىممەت بولغان ھالەت شەكىللەنگەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا يەرلىك كىشىلەر ئۇزاق ئۆتمۈشتە ئۆز ھويلىلىرىغا ئورەك كولاپ يامغۇر سۈيىنى ساقلاپ ئىچەتتىكەن، كېيىنچە ياغاچ كېمىلەر بىلەن ئىراقنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ تۇلۇم ئارقىلىق سۇ توشۇپ كېلىدىغان بولغانىكەن. كۇۋەيتتە نېفىت سانائىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان 30 يىلدىن بۇيان دېڭىز سۈيىنى تۇزسىزلاندۇرۇش ئارقىلىق ئاھالىلەر ۋە مۇئەسسەلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى قاندۇرۇلۇپتۇ. ھازىر كۇۋەيتتە دېڭىزمۇ ئىشلەۋېتىپتۇ.

بىز مەيلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا بولسۇن، مەيلى كۇۋەيتتە بولسۇن شەخسلەرنىڭ ئولتۇراق بىناسىنىڭ ئۇگىزىسىدە بىر يۇمىلاق باكىنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق. بۇنداق باكلارنىڭ بەزىسى سۇمۇنارىنىڭ تۇرۇبىلىرى بىلەن تۇتۇشىدىكەن. بەزىلىرىگە بولسا سۇ پونكىتلىرى چوڭ باكلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل ئارقىلىق ئېلىپ كەلگەن سۇ،يۇقىرى بېسىملىق ناسوس ئارقىلىق توشتۇرۇلىدىكەن. ئادەتتە ئاھالىلەر ھويلا ئاراملىرىنى كۆكەرتىش، يۇيۇنۇش، تاماق ئېتىش قاتارلىق ئىشلىرىدا ئەنە شۇ سۇدىن پايدىلىنىدىكەن. بىراق ھازىر نۇرغۇن كۇۋەيتلىقلار دەمەشىق ۋە بۇلغارىيىلەردىن كەلتۈرۈلىدىغان مىنىرال سۇ ئارقىلىق تاماق ئېتىپ يەيدىغان بوپتۇ.

سۇنىڭ شۇ دەرىجىدە قىسلىقىغا قارىماي كۇۋەيتتە كۆكەرتىش ئىشلىرىمۇ چىڭ تۇتۇلۇۋېتىپتۇ. بىز زىيارەت داۋامىدا قۇم تۇپىلىق دۆڭلۈكلەرگە ئالىيۇمىن كاتەكچىلەر يېپىلىپ، تۇپراقنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئوت-چۆپ تېرىغانلىقىنى كۆردۇق. شەھەر كوچىلىرىغىمۇ بىزدىكى توخۇمەككە ئوخشايدىغان دەرەخلەر تىكىلىپتۇ.

بىز پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە كۇۋەيتتىكى زىيارىتىمىزنى تاماملاپ ئەرەب خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى ئېلىپ 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كەچتە كۇۋەيتتىن ئايرىلىپ مەملىكىتىمىزگە قايتتۇق. ئايرىلىش ۋاقتىدا ئۇزىتىش ئۈچۈن ئايرودرومغا چىققان كۇۋەيتلىق دوستلار بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق.

# ناخشا تېكستلىرى

**ھەبىبۇللا روزى**

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى، شائىر ھەبىبۇللا روزى 1986 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يۈرەك سانجىقى كېسەللىكى بىلەن بەختكە قارشى 43 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. شائىر ھەبىبۇللا روزى ژۇرنىلىمىزنىڭ قىزغىن ئاپتورلىرىدىن بىرى ئىدى. ژۇرنىلىمىز تەھرىراتى مەرھۇمنىڭ ئاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

## شادلىقىم

گۈل بولۇپ چېچەك ئاچتىم،
قۇياشلىق گۈزەل تاڭدا.
شاد ناخشام جاراڭلايدۇ
يايلاقتا، ئېتىز، كاندا.

قەلبىمدە ۋەتەن مېھرى،
ئاقماقتا ياساپ ئۆركەش.

ياڭرايدۇ خۇشال سازىم،
ناخشامغا بولۇپ تەڭكەش.

ئۆستۈم يېڭى دەۋراندا،
شادلىقتىن كۈلۈپ - يايراپ.
كۈيلەيمەن ۋەتەن - ئەلنى،
شوخ بۇلبۇل بولۇپ سايراپ.

## بىلىم ئەھلىگە

قەدەم تاشلاپ يېڭى جەڭگە،
يۈرۈش قىلدىڭ ئىلىم - پەنگە.
تۆكۈلدى بىھېساپ ئەجرىڭ،
مەرىپەت باغى - گۈلشەنگە.

بۆسۈپ ئۆتمەككە ئۆتكەلنى،
راسا چىڭ باغلىدىڭ بەلنى.
يېڭى تۆھپەڭ بىلەن ھەر دەم،
خۇشال قىلدىڭ ۋەتەن - ئەلنى.

كامال تاپ ئەي بىلىم ئەھلى،
يولۇڭ داغدام، يورۇق ئەمدى.
ياراتساڭ كەشپىيات قانچە،
ساڭا ئىمكان تولۇق ئەمدى.

# سەھنە ماتېرىياللىرى

## مۇقام ئىشقى

مۇقام ياڭرار تىيانشاندا،
يۈرەك ئويىنار ھاياجاندا.
ئاقار ئۆركەش ياساپ شادلىق،
ئىلى، تارىم، زەرەپشاندا.

مۇقام يۇرتى گۈزەل ئۆلكەم،
قۇچاقىدا ھايات كۆركەم.
مۇقاملار ئەۋجىگە تەككەش
جاراڭلايدۇ خۇشال كۈلكەم.

قۇياشلىق ھۆر دىيارىم بار،
گۈزەل پەسلى باھارىم بار.
ۋۇجۇدۇمدا مۇقام ئىشقى،
دىلىمدا ئىپتىخارىم بار.

★※⊗※★

ئېزىز نىيازى

## ئىنتىزارمەن

(قىز قوشىقى)

قارلىق تاغدا كۆزەتتە سەن جەڭچى ئامرىقىم،
يالقۇنلىغان يۈرەكتە سەن جەڭچى ئامرىقىم.
يادىمدا سەن باغلار ئارا چىقسام سەيلىگە،
يادىمدا سەن ئىش-ئەمگەكتە چۈشسەم بەيگىگە.

سەن بولغاچقا يۇرتۇم گۈزەل، باغلار چىرايلىق،
مېھنەت بىلەن خۇشال ئۆتكەن چاغلار چىرايلىق.
دىلدارىم سەن، ئىنتىزارمەن ۋەسلىڭگە دائىم،
ئەلنى قوغداپ مىلتىق ئاسقان بەستىڭگە دائىم.

## قىزىلگۈل

كېزىمەن سۇبھىدەم گۈزەل باغ ئارا،
كۆڭۈلگە زوق بېرەر خۇش پەسلى باھار.
بۇلبۇللار بەس - بەستە قىلىدۇ ناۋا،
يەلپۈنۈپ گۈل - چېچەك چاچىدۇ ئىپار.

بار مېنىڭ قەلبىمدە بىر گۈزەل جانان،
مۇھەببەت تەپتىدە كۆيدۈرگەن مېنى.
قىزىلگۈل، قىزىلگۈل، سۆيگۈ ئەلچىسى.
جانانغا سۇنىمەن ھۆرمەتتە سېنى.

رەڭمۇ-رەڭ ئېچىلغان گۈللەر بەرگىدە،
جۇلالىق يالتىرار شەبنەم ئۈنچىسى.
بىر دانە گۈل ئۈزدۇم تاللاپ ھەۋەستە،
ئۈزگىنىم قىزىلگۈل — باھار غۇنچىسى.

قىزىلگۈل قەلبىمنىڭ نازۇك تىلى سەن،
ساڭا جەم ھۆرمىتىم، ۋاپا، ئەقىدەم.
سەن بىلەن ئېچىلغاي كۆڭلۈمنىڭ سىرى،
سەن بىلەن ياڭرىغاي يارغا قەسىدەم.

## سۆيىمەن سىنى جاندىن

(قىز قوشىقى)

قەلبىمدىن ئورۇن ئالدىڭ،
تۆھپەڭنى قېتىپ ئەلگە.
ئەۋلادقا ئىلىم بەردىڭ،
ئۆمرۈڭنى ئاتاپ پەنگە.

ئەجىرلىك - خىزمەتلىك ياخشى،
ھۆرمەت - ئىززەتلىك ياخشى.
باغۋەنسەن، گۈدەكلەرگە
مېۋىلىك - شەرۋەتلىك ياخشى.

كۆڭلۈمنى ساڭا بەردىم،
ئىشقىڭدا ناۋا ئەيلەپ.
سۆيىمەن سېنى جاندىن،
ۋەدەمگە ۋاپا ئەيلەپ.

# ئالتۇن چاغلار

(ئېيتىشىش)

**يىگىت - قىز:**
كۆڭۈلگە ھۇزۇر - ئىلھام،
ئالتۇندەك ئېسىل چاغلار.
زەپ شېرىن يۇراقلارغا
تولدى كەڭ ئېتىز - باغلار.

ئەل - يۇرتنى ئوراپ گۈلگە،
ھېچ ھارمايدىغان چاغ بۇ.
ئىشلىگەن راسا يايراپ،
ياغ چاينايدىغان چاغ بۇ.

**يىگىت:**
شەرۋەتكە تولۇپ پىشتى،
قوغۇن تېرىسام تۈزدە.
ئېغىز تەگسىڭىز قەندەك
ھۇزۇر بېرىدۇ سىزگە.
مېھمان بولسىڭىز قانداق،
باغۋەن قىز شۇڭا بىزگە.

**قىز:**
بىزنىڭ باغ ئېسىل ئاندىن،
مەپتۇن قىلىدۇ دىلنى.
مەي بولدى ئۈزۈم، شاپتۇل،
تەمى يارىدۇ تىلنى.

**يىگىت - قىز:**
سۆھبەتتە بولۇپ ھەمدەم،
باغنى قىلىلى سەيلى.
ئوخشىغان قوغۇنلۇقتا،
ئاندىن باردىلى مەيلى.

**يىگىت:**
كۆڭلىڭىزنى باغۋەن قىز،
مېھنەتتە ئۇتتاي دەيمەن.

**قىز:**
باغىمدىن شۇ چاغ سىزگە،
مەنمۇ گۈل تۇتاي دەيمەن.

═☆★☆═

**تۇرغان شاۋۇدۇن**

# ھېيت تەنتەنىسى

I

ھېيت بۈگۈن، بايرام بۈگۈن،
ئەل شاتلىقى قاينام بۈگۈن.
ياڭرايدۇ ناغرا كۈيلىرى،
كۆكنى يېرىپ ھەر يان بۈگۈن.

ھەممە خۇشاللىق ئىلكىدە،
لەۋلەر تەبەسسۇم - كۈلكىدە.
ھېيت ئەھلى ھېيتلاپ ئۆزئارا،
چۆمدى ئىناقلىق مېھرىگە.

ساپ ھاۋا، سالقىن سابا،
قاينايدۇ ھەر ياندا ساما.

ساپ ھاۋا، سالقىن سابا،
ياڭرايدۇ شاد نەغمە - ناۋا،

II

مېھمانلارغا يېيىلغان،
ھەر ئۆيدە مول داستىخان.
زوق قوزغايدۇ مەزىلەر،
لەززىتىدىن يايراپ جان.

مېھمان دوستلۇق بىز ئۈچۈن،
مەڭگۈ ئۆچمەس ئەنئەنە.
ئۈندەيدۇ باي تۇرمۇشقا،
ھەر ھېيتتىكى تەنتەنە.

## بوغدا كۆلى

جەم بولغانمۇ گۈزەللىك،
بوغدا كۆلى ھۆسنىدە؟
قەدەھتىكى مەي كەبى،
تۇرىسەن تاغ ئۈستىدە.

سەن ئاسمانغا سىزىلغان،
يەرنىڭ كۆمۈچ جامىمۇ؟
دە، يۈكسەكتىن جاي ئالغان،
گۈزەللىكنىڭ تاجىمۇ؟

چىقسا قۇياش نۇر چېچىپ،
باقار ساڭا ئەڭ بۇرۇن.
ئەينىكىمۇ سەن ئۇنىڭ،
زېمىندىن ئالغان ئورۇن؟

پەخىرسەن ھۆر ئۆلكەمنىڭ،
ئەي شۆھرەتلىك سەيلىگاھ.
قەلبىم مېنىڭ تا ئەبەد
گۈل ھۆسنۈڭگە مەھلىيا.

## يايلاق

يېشىل يايلاق گۈزەللىكنىڭ كۆركەم سىماسى،
جانغا راھەت ئېپار پۇيلۇق سالقىن ھاۋاسى.
رەڭمۇرەڭ گۈل- چېچەكلەرگە تولغان ھەر تەرەپ،
قاماشتۇرار جۈپ كۆزلەرنى ئويناق جۇلاسى.
مۆلدۈر بۇلاق ئاقار ئويناپ جىلغىلار ئارا،
زوق بېغىشلار شاد ناخشىدەك لەرزان ساداسى.
تارقىتىدۇ قارىغايلار يېقىملىق پۇراق،
كېلىپ تۇرار ھەر تەرەپتىن قۇشلار ناۋاسى.
كۆڭۈل ياشناپ سۆيۈنەر جان ئۇنىڭ قوينىدا،
يايرار قەلبىم بولۇپ ھەردەم ناخشا دەرياسى.

## قوغۇن پىشتى

قوغۇن تېرىسام تۈزگە،
بەس - بەستە پىلەك تاتتى.
زۇمرەتتەك پىلەكلەردە،
ئالتۇن رەڭ چېچەك ئاتتى.

سىڭگەن قان بولۇپ ئەجرىم،
بۇ ئالتۇن چېچەكلەرگە.
چىرماشقان يۈرەك رىشتىم،
ھەر بىر شوك، پىلەكلەرگە

ئۇسسىسا سۇغاردىم مەن،
سۇ ئەمەس كۆمۈچ تەردە.
پىشتى قوغۇنۇم قەندەك،
زوق قوزغاپ يۈرەكلەردە.

قوغۇنچى مېنىڭ نامىم،
ئەل - يۇرت مېنىڭ مېھمانىم.
كەل، لەززەتنى تېتىپ كەت،
بايرىسۇن يۈرەك - جانىڭ.

## ئارخېئولوگ ناخشىسى

نىگارىمدىن يىراقتا مەن،
دىلىم سۆيگەن پىراقتا مەن.
ئىز ئىزلەيمەن، ئەجدادلىرىم
ياشاپ ئۆتكەن تۇپراقتا مەن.

ئۇرسا بوران، كۆچسە قۇملار،
دېمە كۆپكەن مۇشەققىتى.
بېغىشلار كۈچ ۋۇجۇدۇمغا،
ئەجدادلارنىڭ مۇھەببىتى.

مېنى سەندىن سورىسا كىم،
چۆلدە ئەمەس يولدا دېگىن.
تۇتاشتۇرار ئەسىرلەرنى،
مېنىڭ يارىم ئۇندا دېگىن.

## گۈلچى قىزغا

ئۆستۈرۈپسەن باغدا گۈل،
تۈرلۈك - تۈمەن خىل.
سەيلى قىلدىم بېغىڭنى،
مەپتۇن بولدى دىل.

ئەكس ئەتتى رۇخسارىڭ،
ھەر گۈل بەرگىدىن.
كۆردۈم زىلۋا بويۇڭنى،
ھەر گۈل قەددىدىن.

گۈل غۇنچىسى قامىتىڭ،
كۈلكەڭ چېچەكى.
بولدى بولماق بۇلبۇلۇڭ،
قەلبىم ئىستىكى.

※◎※◎※

ساتتار توختى

## قىزىلگۈل

چاچتى قىزىل گۈل خۇشپۇراق،
تارقاتتى باغلاردىن سابا.
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ،
بۇلبۇل خۇشال قىلدى ناۋا.

بارمۇ گۈزەللىك بابىدا،
گۈللەر ئارا تەڭداش ساڭا.
چوغدەك پورەكلەيسەن سەھەر،
تاڭ شەپقى رەڭداش ساڭا.

گۈللەر قىزىل گۈل بەرق ئۇرۇپ،
خۇش ھىد بىلەن تولسۇن ھايات.
سۇلماس بەخت بوستانىدا،
سەندەك گۈزەل بولسۇن ھايات.

## كۇچا مۇھەببىتى

كۇچا سەندە ئەزىز خەلقىم،
ئەجەبمۇ ئۆم - ئىجىل دەيمەن.
جاھان ھەيران جامالىڭغا،
ھامان جەننەت خىجىل دەيمەن.

قەدىم سەنئەت بۇلاقىسەن،
ئاڭا «مىڭ ئۆي»لىرىڭ شاھىد.
ساڭا شۆھرەت ئاتا قىلغان
ئۇسسۇل ھەم كۈيلىرىڭ شاھىد.

تېگى يېتمەس گۆھەرگە كان،
يېشىل مەخمەل تېنىڭ يۇرتۇم.
ئەجەب شېرىن شېكەرىستان،
ئۈرۈكزارلىق بېغىڭ يۇرتۇم.

گۈزەل ئىقبالىڭغا ئات سالدىڭ،
يېڭى، داغدام سەپەر بويلاپ.
كامال تاپ، ئۆرلىگەن يۇرتۇم،
ئۇلۇغ غەلىبە، زەپەر بويلاپ.

## شوپۇر يىگىت

سەن كېلىسەن شوپۇر يىگىت،
جۈپ قوللۇرۇڭ رولدا ھامان.
ئۆمرۈڭ ئۆتەر زەپ مەنىلىك،
كۈندۈز - كېچە يولدا ھامان.

ئاسمانپەلەك تاغ ئىچىدىن
سەن ئۆتۈسەن بۈركۈت بولۇپ،
چوققىدەك يۈرەك - قەلبىڭ يانار،
قار - مۇز ئىچىدە ئوت بولۇپ،

ماڭغانچە ئارقاڭدا سېنىڭ،
چەكسىز باياۋان تاشلىنار.
ئالدىڭدا رەڭدار ئىنتىمەك
راھەت بەخىش يول باشلىنار.

يايرار ۋۇجۇدۇڭ ئەي يىگىت.
مەنزىللىرى شاد قەلپۇنۇپ،
پۈركەيدۇ خۇش ھىدقا سېنى،
گۈللەر - چېچەكلەر يەلپۈنۈپ.

دەۋرىم چەۋەندازى ئۆزەڭ،
ئۇچقۇر قانات ماشىنا ساڭا.
شانلىق سەپەرنىڭ كارۋىنى،
تۆھپەڭ ئۈچۈن ئاشىنا ساڭا.

## دىكتور قىز

نەپىسلەت بار يالقۇنلۇق
سۆزلىرىڭدە دىكتور قىز؟
چاقنار نېچۈن جاسارەت،
كۆزلىرىڭدە دىكتور قىز؟

جۇشقۇنلىغان ئاۋازىڭ،
تاغ - دېڭىزدىن ھالقىيدۇ.
خىتابىڭدىن دىلىمدا
ئۆچمەس چولپان بالقىيدۇ.

ئويغىتىسەن يۈرەكتە،
ئەجەب نازۇك سەزگۈنى.
ياۋغا غەزەپ ھەم نەپرەت،
ئەلگە شەپقەت - ئىز گۈنى.

ئەي دىكتور قىز، ئۇلۇغۋار
ئىلھامچىسەن قېشىمدا.
سۆزلىرىڭنى مەن چېچەك
ئاچقۇزاي ھەر ئىشىمدا.

## سالام يۇرتۇم

سالام بەردىم گۈزەل يۇرتۇم،
قولۇم كۆكسۈمدە - ھۆرمەتتە.
مېنى ئالدىڭ قۇچاقىڭغا،
ئانامدەك چىن مۇھەببەتتە.

كۆرۈپ سەندە باياشادلىق،
دىلىمدىن ئۇرغىدى شادلىق.
قىلىپ سەيلى سۆيۈندى جان،
كۈلۈپ - يايراپ پاراغەتتە.

يېتىپ ئارزۇ - ۋىسالىڭغا،
تولۇپتۇ نۇر جامالىڭغا
ياشاركەن قەھرىمان خەلقىم،
قىلىپ مېھنەت سائادەتتە.

سېنىڭدە چىن بەخت كۆردۈم،
زامانىڭنىڭ پەيزىنى سۈردۈم.
كامال تاپ، ئۆرلىگەن يۇرتۇم،
قىلىپ پەرۋاز جاسارەتتە.

# تەسىرات دەپتىرىدىن تامچىلار

ئەخمەد ئەمىن

## ئېچ ئات ۋە قامچا

ئېچ ئات: يۈكنىڭ سالمىقى مېنىڭ زىممەمدە، هارۋىنى تارتىشمۇ مېنىڭدىن، شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن يانداققا تەگمەي، مېنىڭ بېشىمدا ئوينايسەن؟

قامچا: چۈنكى كۈچ بېرىدىغىنى سەن تۇرساڭ.

## مايمۇن ئويناتقۇچىنىڭ جاۋابى

مەن مايمۇن ئويناتقۇچىدىن:

— مايمۇننى ئۇسسۇلغا سالالايدىغانلىقىڭنىڭ كارامىتى نەدە؟ — دەپ سورىدىم.

— كارامىتىم سول قولۇمدىكى كەمپۈت بىلەن ئوڭ قولۇمدىكى قامچامدا، — دەپ جاۋاب بەردى مايمۇن ئويناتقۇچى.

## تۇرمۇش لەززىتى

مەن باغۋەندىن سورىدىم:

— بېغىڭىزدىكى قايسى مېۋىنىڭ لەززىتى تۇرمۇش لەززىتىگە ئوخشايدۇ؟

— قارا ئۆرۈكنىڭ لەززىتى، — دەپ جاۋاب بەردى باغۋەن.

## شەبنەمنىڭ قىسمىتى

بىر تامچە شەبنەم غۇنچىنىڭ يۈزىدە كېلىشمەسلىك خالدەك تۇراتتى. شامال، غۇنچىنىڭ لەۋلىرىدىن سۆيۈشكە مەنلا ھەقلىق ئەمەسمىدىم دەپ ئويلاپ قاتتىق غەزەپلەندى - دە، ئۇنى غۇنچىنىڭ يۈزىدىن پۈۋلەپ ئۇچۇرۇۋەتتى، كەينىدىن كۆرەڭلەپ قاقاقلاپ كۈلدى. لېكىن ئۇ، شەبنەمنى شۇ گۈلنى ئۆستۈرگەن تۇپراق ئۆز قوينىغا ئالغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

## ئەجەبا....

ئەجەبا، ۋىسالنىڭ ئالتۇن ئوردىسىغا كىرمەك ئۈچۈن، ھىجران بالاسى تېشىپ تۇرغان ئايپالتىلار بىلەن ھەسەت يالاسى يالتىراپ تۇرغان نەيزىلەر چاپىرىسىدىن ئۆتمەكلىك شەرتمۇ؟!

## ساۋاقداشلىرىمغا

بىرىمىز تېخنىك، بىرىمىز ئىشچى، بىرىمىز دوختۇر، بىرىمىز سوتچى،... لېكىن ساۋاقداش، بىز ساۋاقداشمىز، بىر باغدا ئۆسكەن دەرەخ بارچىمىز.

ياكى شوپۇرمىز ياكى ئىنژېنېر، ياكى شائىرمىز ياكى مۇھەررىر، مەيلى پىرىكازچىك مەيلى ۋە باشقا، ھەممىمىزنىڭ مەنبەئىمىز بىر.

بىرىمىز ئۆرىدە، بىرىمىز پەستە، بىرىمىز ئوڭايدا، بىرىمىز تەستە، لېكىن ساۋاقداش، بىلگىن ساۋاقداش، ھەممىمىزنىڭ ئۇستازىمىز بىر.

بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرەلەيتتۇق بىز، ئەمدى يىراققا يەتتى نەزىرىمىز، بىزنى بۇنىڭغا كىم قىلدى نائىل، كىملەرگە باردۇر بىزنىڭ قەرزىمىز؟ ئويلا ساۋاقداش، ئويلان ساۋاقداش، نېمىدۇر زادى بىزنىڭ بۇرچىمىز؟

بىر بۇلاقتىن ئاققان سۇ ئىدۇق، كۆل يادىكىمىزغا بېرىپ تولدۇق، ياكى پارغا ئايلىنىپ قۇياش تەپتىدە، ھاۋانى ساپ قىپ سامانى قۇچتۇق، ئەشۇ بۇلاقنى كىم قازدى ئەسلى، كىم بىلەن كامال تاپتى ئەقلىمىز؟

ئەسلى يىلتىزسىز قەلەمچە ئىدۇق، تىكىلىپ يەرگە، مېۋىگە كىردۇق، كىملەر بىزگە سىڭدۈردى ئەجىر، كىملەر بىزگە بەردى روھ - ئوزۇق؟ باغۋىنىمىز كىم، پەرۋىشچىمىز كىم، كىم بىلەن تاتلىق بولدى مېۋىمىز؟

قەرزىمىزمۇ بار، پەرزىمىزمۇ بار، بىزنى ئىلىمگە يېتىپ قىلغانغا، مەيلى بېشىمىز تاقاشسۇن كۆككە، ھۆرمەت تەختى يار بولسۇن ئۇستازغا!

بىرىمىز ئۇ، بىرلىرىمىز بۇ، ساۋاقداش ھەممىمىزلا شۇ. ئاتىمىسى ھامان ئاتا بولغاندەك، چاچلىرى ئاپئاق بوۋاي ئۈچۈنمۇ؛ ئۇستىسى ھامان ئۇستا بولغاندەك، قابىل ھۈنەرۋەن كاسىپ ئۈچۈنمۇ؛ ئۇستازدۇر ئۇستاز، بىز ھامان شاگىرت، چۈنكى دىللارغا ئىلىم سالغان شۇ!

uyghurkitap.com




(پوۋېست)

توختى ئايۇپ

قېرى ئۆچكىنىڭ چارقىرىشى، كۆرۈك مېكىياننىڭ كوتۇلدىشى — قويۇق ئۈزۈم بارىڭى بىلەن قورۇدى باغدەك قاراڭغۇلىشىپ تۇرىدىغان بۇ خىلۋەت ھويلىدىن پات-پات ئاڭلىنىپ قالىدۇ. ماھىر قۇرۇلۇش ئۇستىسى قولىدىكى جىمى ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ ياسىغان بۇ ھەشەمەتلىك ئۆينىڭ ئارامبەخش ھويلىسىدىن شۇ قەدەر يېقىمسىز ئاۋازنىڭ ئاڭلىنىپ تۇرۇشى ئەقىلغا سىغمايدىغان بەك سەت ئىش. ئەمما «تۆگىنىڭ مازار بىلەن نېمە ئىشى؟» قېرى ئۆچكە ھېچنېمىگە پەرۋاسىز گېلىغا گال پىچاق سۈرگەندەك چارقىرايدۇ. كۆرۈك مېكىيان چۈجىسىنى سا ئېلىپ قاچقاندەك كوتۇلدايدۇ. بۇ گالۋاڭ، بىچارە مەخلۇقلار بۇ يۇرتتا يۇقىرى بولمىسىمۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەرتىۋىسى ھەم نام-شۆھرىتى بار خوجايىنىنىڭ ئازراقمۇ يۈزىنى قىلماي دېمەيدۇ.

ئەتراپتىكى قولۇم-قوشنىلار بۇ ئاۋازنىڭ سىر-سەۋەبىنى ئاللىقاچان بىلىۋېلىشقان؛ ئۆچكىنىڭ چارقىرىغىنى، مېكىياننىڭ كوتۇلدىغىنى — ئۇلارنىڭ ئاچ قالغىنى. ئەمما كېرىم بۇجاڭ بىلەن ئەختەر زەنجاڭ تاشنى سىقىپ سۈيىنى يالايدىغان ئۈنچىۋالا پېخسىقلاردىنمۇ ئەمەس. پەقەت ئىككىسى پات-پات قىلىپ تۇرىدىغان مۇھىم كېڭەش-مەسلىھەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھەتتا ئۆچكىسىگە يەم، توخۇسىغا دان بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقان.

بۈگۈن كېرىم بۇجاڭنىڭ ئۆيىدە قوشنىلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك كېڭەش-مەسلىھەتمۇ بولمىغان، ئەمما ھويلىسىدا تال بارىڭىنىڭ ئاستىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇلغان سۈتلۈك ئاق ئۆچكە سالپاڭ قۇلاقلىرىنى سىلكىپ، ساغۇچ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، تۈۋرۈك ئەتراپىدا ئويۇنغا چۈشكەن باخشىدەك تىنىمسىز پىرقىرايتتى. پىرىنىڭ داپچىسىدەك نەپسى-نەپسىگە ئۇلاشماي بار ئاۋازى بىلەن چارقىرايتتى. ئىككى بېقىنى ئاچلىقتىن ئۆچەيلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن، بويىنىدىكى چۇپۇر ئاغامچا تۈۋرۈككە يۆگىشىپ تۈگىگەنىدى.

پەيلىرى ھۆرپەيگەن، تۆشىدىكى يۇمشاق تۈكى يۇلۇنۇپ، قىپقىزىل تېرىسى ئېچىلىپ قالغان قىڭراق تاجىلىق مەللە مېكىيان يەتتە-سەككىز ئۇششاق چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دان ئىزلەپ، ھويلىنىڭ سول بۇرجىكىدىكى يازلىق ئاشخانىنىڭ قازان باشلىرىدا چۆگىلەپ-تەمتىرىپ يۈرىشەتتى.

ھويلىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى تاراقشىپ ئېچىلدى. ئەختەرخان تالادىن تەرلەپ-تەپچىرىگەن، ھېرىپ-ھاسىرىغان ھالدا كىرىپ

كەلدى - دە، ئاشخانىدىكى مالىمانچىلىقنى كۆرۈپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆچتى:

— تاخ!... تاخ! ... ھۆ ئۆلمەيدىغان نەپسى بالا نېجىسلار! تاخ دەيمەن تاخ! ...

چۈجىلەر ئالىلىق چۇكۇلداپ ئورنىدىن ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇشقا باشلىدى. مەللە مىكيان ئوچاق ئۈستىدە تۈكلىرىنى ھۆرپەيتىپ، قاناتلىرىنى سىلكىپ، ئەختەرخانغا ھازىرلا چاڭ سالىدىغان ئەلپازدا غەزەپلىك قىقىلدايتتى. ئەختەرخان ھەيۋە قىلىپ قولىدىكى سومكىسىنى پۇلاڭلاتتى، ئەمما شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بەردى: مەللە مىكيان بالىسىنى ياۋدىن قوغداش ئۈچۈن ئۆلۈمگىمۇ پىسەنت قىلمايدىغان قەيسەرانىدەك ئەختەرخانغا ئوقتەك ئېتىلىپ، باش - كۆزىگە ۋالاقشىتىپ تېپىشكە باشلىدى. ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ئەختەرخان چىرقىرىغىنىچە ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى ۋە ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ قولىدىكى سومكىسىنى يەنە ئۆزىگە يۈپۈرلۈپ كېلىۋاتقان مىكيانغا غەزەپ بىلەن ئاتتى. شۇ ھامان ئاشخانا ئىچىدە قى - چۇ كۆتۈرۈلدى. چىنە - قاچىلارنىڭ جاراڭشىپ چېقىلغان، نېمىنىڭدۇر تاراڭشىپ ئۆرۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋاي خۇدايىم! ... چىنە - قاچىلىرىمنى چېقىۋەتتى بۇ نېجىسلار — دەپ ۋارقىرىدى ئەختەرخان ۋە سېزىمىلىرىنى يوقاتقان، مىكيانىنىڭ بايىقى تېپىكىنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا ئاشخانىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى. مىكيان بىلەن چۈجىلەرنى سۈپۈرگە بىلەن ئۇرۇپ - سۈرۈپ، ئاشخانىدىن قوغلاپ چىقاردى ۋە پەستە كۆكۈم - تالقان بولۇپ چېقىلىپ ياتقان چىنە - قاچا سۇنۇقلىرىغا قاراپ داد - پەرياد كۆتەردى، — ئېسىت، ... ۋاي ئېسىت! تۆت جۈپ ئاپقۇر چىنەم بىلەن ئىككى جۈپ پىيالەم چېقىلىپتۇ ئەمەسمۇ، ۋاي خۇدايىم ... تۇڭدىكى ياغنىمۇ ئۆردۈۋېتىپتۇ، بۇ مەرەز قارغىش تەككۈرلەر! ... ھويلىنى پاسكىنا قىلىدۇ، باقمايلى دېسەم ئۇنىمايدۇ، ئەمدى تويسۇن!

ئەختەرخان ۋارقىراپ - جارقىرىغىنىچە ھويلىغا ئېتىلىپ چىقتى. ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىدا ئۆزىنى گىلەم ئۈستىگە ئوڭدىسىغا تاشلاپ، گويا بايىقى ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك پۈتۈن دىققىتى بىلەن ژۇرنال ئوقۇپ ياتقان ئېرىنىڭ يېنىغا يۈگرەپ كېلىپ، قولىدىكى ژۇرنالنى يۇلۇپ ئالدى - دە، گىلەم ئۈستىگە «پاق» قىلىپ تاشلىدى.

— ھوي! نېمانداق بىغەرەز ئادەم سىلە، «ئېشىكى ئۆلسە، كۆتىگە غىجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك، ھويلىدا قىيامەت - قايىم بولۇۋاتسا، قۇلاقلىرىغا پاختا تىقىۋالغاندەك نېمە ئېغىناپ ياتىلا؟ قوپسىلا!

— نېمە بولدى؟

— ھە؟! ... نېمە بولدى دەيدىيا يەنە، — ئەختەرخان كېرىم بۇجاڭنىڭ بېشىغا يوپۇرلۇپ كەلدى، — بۇ سالپاڭ قۇلاق تازلىرى ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپتۇ، ماۋۇ نېجىس مەرەزلەرمۇ شۇ. ئېسىت چىنەم ... ئېسىت پىيالەم، ئېسىت يېغىم ... بۇ نەپسىگە ئوت كەتكۈرلەرنىڭ قارنىغا بىر نەرسە بەرگەن بولسىلىمۇ مۇشۇ زىيان يوق. ماڭا قارىسىلا! ھەر كۈنى ئىشخانىلىرىدىن چىقىپ قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئەجەپ بۈگۈن ئۇنتۇپ قاپلىمىيا؟

كېرىم بۇجاڭ ئېغىر گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئايالىنىڭ غەزەپتىن چەكچەيگەن كۆزلىرىگە، توخۇ تاتىلاپ قانىتىۋەتكەن يۈزىگە، چۇۋۇلغان چاچلىرىغا قاراپ ھېجىيىپ كۈلدى:

— ھى ... ھى ... راست ئېيتتىڭىز خوتۇن، بۈگۈن ئۇنتۇدۇم، ھەممىنى ئۇنتۇدۇم، نېمىشقا دەمسىنا؟ ھى ... ھى ... ھى ... مۇشۇ ژۇرنال قولۇمغا چۈشۈپ قېلىپ ...

— ژۇرناللىرى قۇرۇسۇن! — دېدى ئەختەرخان ئېرىنى سىلكىپ، — نېمە بار ئۇنىڭدا؟ ئايلاپ - يىللاپ كىتاب، ژۇرنالغا يېقىن يولىمايدىغان ئادەم ئەجەب بۈگۈن ئۇنىڭغا يارىلىمدەك چاپلىشىپ كېتىپلىمىيا؟ ھەممىنى ئۇنتۇپ ئوقۇپ كەتكۈدەك ھېلىقى بوستان تېرەكتىكى قېرى ئاشنىلىرىنىڭ سالام خېتىمىغۇ ئەمەستۇ!

— ھەي ... ھەي ... نېمانداق لاۋزا گەپ قىلىسەن؟ شۇ تاپتا سەن نېمە خىيالدا، مەن نېمە خىيالدا؟ ئاۋازىڭنى پەس قىل، — كېرىم بوجاڭنىڭ ئۆزىمۇ پەس ئاۋازدا سۆزلىدى، — ئەمدى بىزگە ئامەت كېلىدىغان بولدى، ئامەت.

ئەختەرخاننىڭ كۆزلىرى بىردىنلا پارقىراپ كەتتى.

— ئامەت؟ ... نېمە ئامەت؟

— نېمە ئامەت؟ مەنسەپ، ئابروي، ئەلىبە، شان - شەرەپ! — كېرىم بوجاڭ سۆزلەۋېتىپ، ئەتراپقا شۈبھە بىلەن قاراپ قويدى، — جۈر، ئۆيگە كىرىپ سۆزلىشەيمىز، — ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ، دېرىزە پەردىسىنى چۈشۈردى. ئاندىن خوتۇنىنى دىۋاندا — يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ دېدى، — مانا قارا، بۇ ژۇرنالغا بىر خاتا ھېكايە بېسىلىپتۇ.

— ۋىيەي، ئالاچاراپ كەتكەنلىرى شۇ گەپمىدى؟ — ئەختەرخان كالپۇكىنى مەسخىرە بىلەن پۈرۈشتۈرۈپ، دىۋاندىن توپتەك قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى، — خاتا ھېكايە بېسىلسا بىزگە نېمە ئالاقىسى؟ ئامەت، مەنسەپ دېسە نېمە ئىشكەن دەپتىمەنا؟ خودايىم ... قاچانمۇ تۈزەلەر سىلىنىڭ بۇ گالۋاڭلىقلىرى. ئىسىت چىنەم... ئىسىت پىيالەم ... ئىسىت يېغىم ...

— ئەخمەق؟ — كېرىم بوجاڭ خوتۇنىنى قولىدىن سىلكىپ ئولتۇرغۇزدى، — تېرىقتەك كىچىككىنە زىيانغا نېمانچە ۋايسايسەن؟ بىزگە كېلىدىغان ئامەت، پايدا ئالدىدا نېمەتتى ئۇ قاچا - قۇچاڭ بىلەن يېغىڭ؟

— ۋىيىەي، زىيان دېگەن ئاچچىق! — ئەختەرخان كۆزىگە ياش ئالدى، — تۆت جۈپ چىنە، ئىككى جۈپ پىيالە دېگەن نەچچە پۇل؟ تۆكۈلگەن ياغچۇ تېخى! يەنە تېخى ئادەمنى مازاق قىلغاندەك ئامەت، مەنسەپ دەيدىمىيا؟ خەقنىڭ خاتا ھېكايىسىدىن چىقامتىكى ئۇ ئامەت، مەنسەپ؟

كېرىم بوجاڭ ئەختەرخاننىڭ بېقىنىغا چاپلىشىپ، دۈمبىسىگە شاپىلاقلىدى:

— ھەببەللى! مانا ئەمدى تاپتىڭ. بىرسى خاتالىشىدۇ، بىرسى ئۇنىڭ خاتالىقى ھېسابىغا شۆھرەت تاپىدۇ. دۇنيا دېگەن شۇنداق. ھى ... ھى ... ھى ... مەشەلداپ يىغلاۋاتقىنىڭنى، بىلامسەن بۇ سېنىڭ يىغلىماي كۈلىدىغان ۋاقتىڭ، قېنى بىر كۈلگىنە؟ بىلىكىڭنى تۇتۇپ، قويىنىڭ قۇيرۇقى لىغىرلىغاندەك بىر كۈلىشىڭ بارغۇ، شۇنداق كۈل، نېمىگە كۈلمەيسەن دەمسىنا؟ بىزگە كېلىدىغان سىياسىي جەھەتتىكى ئامەت، يەنى يېڭى كەلگەن پارتكوم شۇجىسىنىڭ ماڭا قىلىدىغان ئىشەنچى ئۈچۈن كۈلمەمسەن! نېمە قاپىقىڭنى سۈزىسەن ئەخمەق!؟ ناۋادا مەن قۇۋان كىرپىنىڭ بۇ ژۇرنالغا بېسىلغان ھېكايىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى خاتالىقىنى كۆرۈۋالالمىغان بولسام، ناۋادا ئۇنى باشقىلار مەندىن بۇرۇن سېزىۋېلىپ كامال شۇجىغا دوكلات قىلغان بولسا، ناۋادا كامال شۇجى مېنى ئالدىنا چاقىرتىپ: «سىز پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بوجاڭى تۇرۇقلۇق ناھىيىمىزدىكى بەزى بۇزۇق كىشىلەرنىڭ ناھىيىنىڭ پارتكومىغا، شەخسەن ماڭا ھاقارەت كەلتۈرۈدىغان ئەسەرلىرىنى يېزىشىغا نېمە ئۈچۈن يول قويىدىڭىز؟» دەپ سوراپ قالسا، مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ ئۇ چاغدا مېنىڭ بوجاڭلىقىم نەدە قالىدۇ، دېتىمغا ياقمىسام مەنسەپىمدىن ئېلىپ تاشلايدۇ شۇ! زىيان بۇنىڭ بىلەنلا تۈگەمدۇ؟ مەن بوجاڭلىقتىن يىقىلسام، سېنىڭمۇ رادىئو ئۇزېلىنىڭ زەنجاڭلىق ئەمىلىڭ سۇغا چىلىشىدۇ. كۆزۈمگە قارىسىنا، راست گەپ!

كېرىم بوجاڭ ئۆز پەرىزىنىڭ شۈبھىسىزلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك، كۆزلىرىنى بىر خىل جىددىي نەزەر بىلەن خوتۇنىغا تىكتى. ئەختەرخان ئەمدى بايىقى خاپىلىقلىرىنىڭ بەرىنى ئۇنتۇغان، ئېرى سۆزلەۋاتقان خەۋپ - خەتەرنىڭ راستىنلا ئۆز بېشىغا كېلىش - كەلمەسلىكى توغرىلىق جىددىي خىيالغا چۆككەنىدى.

ئۆزلىرىگە كېلىدىغان پايدا - ئامەت ياكى خەۋپ - خەتەرلەرنى ئالدىن بايقاشتا كېرىم بوجاڭ سېغىزخاندەك سەزگۈر بولسا، ئەختەرخانمۇ تۈلكىدەك ھوشيار. ئۇ بىر نەچچە قېتىم ئېرىنىڭ خاتا بېسىپ سالغان ئەدەمىنى توغرى-

سىغا ئوخشاپ، ئۇنى خەۋپ - خەتەردىن ساقلاپ قالغان. كېرىم بۇجاڭ مۇشۇ تەرەپلىرى ئۈچۈنلا خوتۇنىنىڭ ئۇرغۇن ئەيىب - گۇناھلىرىنى كەچۈرگەن، مۇھىم ئىشلاردا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشقا ئادەتلەنگەنىدى. راست، ئەختەرخان پاراسەتلىك، چارە - تەدبىرلىك خوتۇن، ئۇ بايىقىدەك ئۇششاق ئىشلاردا كالتە پەملىك قىلىپ مىكياندىن تېپىمك يىگىنى بىلەن، مۇھىم ئىشلاردا تىرەن ئويلايدۇ.

— قوۋان كىرپىنىڭ ھېكايىسى ھازىرقى يېڭى سىياسەتكە ئۇيغۇن بولغان بولسا، سىلە ئۇنى خاتا دەپ سېلىپ كۆلكىگە قېلىپ يۈرمە-سىلە جۇمۇ يەنە، — دېدى ئۇ سەگەكلىشىپ.



—ياقەي، ئىشەنمىسەڭ ئۆزەڭمۇ بىر ئوقۇپ باقمامسەن، — دېدى كېرىم بۇجاڭ قىزىشىپ ۋە قولىدىكى ژۇرنالنى خوتۇنىنىڭ ئالدىغا يېيىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — مانا قارا، «ئىمتىياز ۋە ھەقىقەت» ... بۇ قانداق ماۋزۇ؟ قوۋان دېگەن بۇ ساراڭ كىرپىنىڭ خىيالىچە ھوقۇق بىلەن ھەقىقەت باشقا - باشقا نەرسىمىش. ئۆتمۈشتىمۇ شۇنداق بولغان دەيلى، ھازىرچۇ، دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قولىدا، خوش، مۇشۇنداق چوڭ دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بىزنىڭ ئۇلۇغ كوممۇنىستىك پارتىيىمىزدىمۇ ھەقىقەت يوقما؟ ھېكايىدا «دۆت، بىلىمسىز، تەلۋە ...» دەپ ھاقارەتلەنگەن، «تۆرىچىلىك زومىگەرلىك ئىستىلى پۈتۈن ناھىيىنى ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرماشقا باشلىدى ...» دەپ ھۇجۇم قىلىنغان پارتكوم شۇجىسى كىمنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇيدان قارا، ماۋزۇ قىستۇرما رەسىم كىمگە ئوخشايدۇ؟ دەل بىزنىڭ كامال شۇجىغا! مۇشۇنداق زەھەر-لىك نەرسىنى ژۇرنالغا بېسىپ چىقارغانلارمۇ بىر قاپاقباش. قوۋان كىرپە ئارانلا قىلما قۇلىقىنى كەسكەن لالما ئىتتەك ئۇرۇمچىگە قاتىرايدىغان، بۇنىڭ سىرىنى ئەمدى بىلدىم. تەھرىر دېگەنلەرنىڭ ئاغزىنى ياغلاپ، گېلىدىن ئىلغىلى چېپىپ-پىتىكەن - دە! ھېكايىدىكى خاتا جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاستىغا سىزىپ چىقتىم. مانا، ماۋزۇ قۇرغا قارىغىنا، «ناپالىيوننىڭ قالپىقىدىن قورققاندەك ...» دېگىنى نېمىسى؟ قالپاق دېگىنىمۇ چۈشىنىشلىك، ناپالىيون دېگى-نىچۇ؟ ھا ... ھا ... ھا ئەخمەق ساراڭ، خۇپ-تەندە قىچقارغان خورازدەك، مەستلىكتە ئۆزىمۇ بىلمەي - بىلمەي خىيالىغا كەلگەننى يېزىپ سالغان - دە.

— ئەمدى بۇ ھېكايىنى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىلا؟ — ئەختەرخان ئېرىنىڭ غالىبانە كۈلكە بىلەن يېرىم قىسىلغان كۆزلىرىگە قارىدى.

— كامال شۇجىغا كۆرسىتىمەن.

— بۈگۈنلىمۇ؟

— ياق، پارتكومنىڭ ئەتە ئېچىلىدىغان كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا.

— بولمايدۇ، باشقىلار ئاڭلاپ قالىدۇ.

— ئاڭلىسۇن! مېنىڭ سىياسىي پىرىنسىپ جەھەتتىكى ئەتىراپلىقىمنى كۆرۈپ قويسۇن!

— ئەمما، بۇ ئىشلىرىنى كامال شۇجى بىر خىل سولچىللىق دەپ قاراپ قالسىچۇ؟ — ئەخ-تەرخان ئېرىگە سوئال نەزەرىدە تىكىلدى، — ئاڭلىشىمچە كامال شۇجى بىرنەچچە يىل تۆر-مىدىمۇ يېتىپ چىقىپتىمىش، مۇنداق كىشىلەرنىڭ بىركىمنىڭ ئۈستىدە مەسىلە پاش قىلغانلار بىلەن ئانچە خوشى يوق بولۇپ قالىدىغانلىقى-نى بىلمەمدىلا. مېنىڭچە بۇ ئىشنى كۆپ ئويلى-سىلا، سۆزلەشكە ئالدىرىمىسىلا بولارمىكىن.

ئەمما، كېرىم بۇجاڭ بۈگۈن نېمىشقىدۇر

خوتۇنىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلمىدى، قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ پىلانىنىڭ توغرىلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىغاندەك قىلاتتى.

— نېمىشقا ئالدىرمايدىكەنمەن؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — داۋۇت قادىرغا ئامەت نەدىن كەلگەن، بىلەمسەن؟ ئوزاقى يىلى پارتكومغا يېزىلغان ھېلىقى ئىمزاسىز خەتنىڭ ئىگىسىنى ئالدى بىلەن شۇ ئېنىقلاپ چىقىۋىدى، ئاددىي ساقچىلىقتىن بىراقلا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇيجاڭلىقىغا كۆتۈرۈلمىدىمۇ؟ ئىشنىڭ يولى مانا شۇنداق، ھەممە ئىشتا مۇھىم پەيتنى چىڭ تۇتقۇلۇق. يەنە ئىككى - ئۈچ ئايدىن كېيىن ناھىيىدە سايلام ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ چاغدا پېنسىيىگە چىققان مۇھەممەد ھاكىمنىڭ ئورنىغا ئەلۋەتتە ھاكىم سايلايدىغان گەپ. ھاكىملىق... ھىم ... ئوغلاق تارتىشنى كۆرگەنمۇ سەن، تېلېۋىزوردىغۇ كۆرگەن بولغىدىڭ، ھاكىملىق — مانا شۇنداق بىر تۇلۇم لوق گۆش، كىمنىڭ بىگىسى بولسا، شۇ ئېلىپ قاچىۋېرىدۇ. خوش، مەنچۇ، ئەشۇ لوق گوشنى ئېلىپ قېچىشقا شەرتىم توشامسۇ؟ ئالىي مەكتەپتە ئوقىدىم بىر، يىگىرمە نەچچە يىللىق پارتىيىلىك ستاژىم بار ئىككى، قىرىقتىن سەل ھالقىغىنىم بىلەن يەنىلا ياش رەھبىرىي كادىر دەپ ئاتىلىۋاتىمەن ئۈچ. قېنى دەپ باقە، ھاكىملىق شەرتىگە مەندىن بۆلەك ناھىيىمىزدىكى كادىرلاردىن چۈشىدىغان يەنە كىم بار، قېنى كىم؟

— بىراق ... مەن باشقا بىر خەۋەر ئاڭلىدىم، — دېدى ئەختەرخان، — ھېلىقى كۆتكۈچى قىز خالىدەمنىڭ ماڭا دېيىشىچە، ئۇ ئۆتكەندە ۋىلايەتتىن كەلگەن باشلىقلارنىڭ قاسىم جۇيجاڭنى ھاكىم نامزاتى قىلىش توغرىسىدا ياتاقتا قىلىشىۋاتقان پاراڭنى ئاڭلاپ قالغانىمىش.

كېرىم بۇجاڭ بىردىنلا بوشاشقاندەك بولۇپ، دىۋانغا يۆلەندى، قاپاقلىرى ساڭگىلىدى، ياداڭغۇ چىرايىدىكى تىلىم - تىلىم قورۇقلارغا كۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى، بويۇنلىرىدىكى قورۇقلار قوشۇلۇپ، بىردەمدىلا قېرىلىق، ئاغرىق يەت - كەندەك بولۇپ قالدى. ئاق ئارىلىغان شالاڭ چاچلىرىنى تاراۋاتقان ئىنچىكە بارماقلىرى تىترىدى. بۇنى ئۆزىمۇ سەزگەن بولسا كېرەك، كۆزلىرىنى بىر پەس يۇمۇپ نېمىنىدۇر ئويلىنىپ قالدى. بىچارە ئادەم! مۇنچىۋالا ھېلىمدەك تورۇلۇپ قالىدىغان ۋاقتى ئەمەسقۇ ئۇنىڭ؟ نېمە ئامال، ئۇ بىر ئۆمۈر مەنسەپ ئۈچۈن كۆرەشتى، چېلىشتى. شۇنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى، تالاي كۈن گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى. ئاھ، مەنسەپ! ئۇ ئاسانلا قولغا ئالغىلى بولىدىغان قۇچاقتىكى بالا ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ھەممە چارە - ئامالنى ئىشقا سېلىش كېرەك. ئەمما بۇنىڭ ئىنسانغا كەلتۈرىدىغان خۇشاللىقلىرىدىن كۆرە، دەرد - ئەلەملىرى، خاپىچىلىقلىرى، جەبرى - جاپالىرى كۆپ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئەمەلنىڭ مېھرى يەنىلا تاتلىق! ھەممىدىن كەچكىلى بولىدۇكى، ئۇنىڭدىن كەچكىلى بولمايدۇ. چاچ ئاقىرىپ، قول تىترەيدىغان بولۇپ قالسىمۇ...

— دۇرۇس ... — دېدى ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئاستا كۆزىنى ئېچىپ، — بۇ ئىشتا مېنىڭ ئالدىمنى توسىۋاتقان رەقىب — ئەشۇ دوزاق شوتىسى، ئۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى بولۇپ ئىشلىگەن چاغدا ناھىيىدىكى پۈتۈن ئوقۇتقۇچى، زىيالىي دېگەنلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ يەنە ئىلىشىپ قالىدىغان ھارام پۇتىقى بار.

— قايسى پۇتاق؟

كېرىم بۇجاڭ يەنە بىردىنلا جانلىنىپ قالدى.

— ئۇ نېمىشقا ئۆتكەن يىلى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭلىقىدىن مەدەنىيەت — تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭلىقىغا ئالماشتۇرۇۋېتىلدى، بىلەمسەن؟

— ۋىيەي ... بىلەمسەن دەپ كەتكىنىنى، — ئەختەرخان مەسخىرە ئارىلاش تەمەننا بىلەن قاپاقلىرىنى سۈزدى، — مەن كۆرسەتكەن ئەقىلنىڭ كۈچىدۇ شۇ. «قاسىم جۇيجاڭ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭلىق ھوقۇقىدىن پايدىلى -

نىپ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشتە كۆپلەپ پارا قوبۇل قىلغان، ياش ئايال ئوقۇتقۇچىلاردىن بىر قانچىسىنى خىزمىتىڭىزنى شەھەرگە يۆتكەپ قويىمەن دەپ نومۇسىغا تەگكەن» دەپ پارتكومغا پاش قىلىش ماتېرىيالى يېزىپ ئەۋەتىمدۇقمۇ ئىككىمىز؟

— ھا ... ھا ... ھا ... ئېسىمگە بار ئىكەن — دە، خوتۇن، — كېرىم بۇجاڭ تاماكۇ ئىسىدىن قارىداپ كەتكەن شالاڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى، — ئەتىكى يىغىنغا ئۇمۇ قاتنىشىدۇ، مەن سۆز ئارىسىدا ئۇنىڭ رەھبەرلىكتە لاياقەتسىزلىكىنى، سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچسىزلىكىنى دارىتىملاپ ئۆتمەكچىمەن. توغرا! يەنە بىر ئىشىمۇ بار خوتۇن. قۇۋان كىرپىگە يانتاياق بولۇپ، ئۇنى تارىم باشلانغۇچ مەكتىپىدىن سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكەپ كەلگەنمۇ شۇ، ھېلىقى بىكار تەلەپ ھېلىلە قورۇق خوتۇنىنى بازار باشلانغۇچ مەكتەپكە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرغانمۇ شۇ! بۇ قېتىم قۇۋان كىرپىنىڭ ئەدىپى بېرىلىپ قالمىغانلا بولسا، ئۇ شادا پاچاقنىڭ ھالى نېمە بولماقچى؟ ھىم! ھاكىم نامزاتىمىش تېخى، ئەمدى ھازىرقى ئەمەلىنى ساقلاپلا قالالىسا چوڭ ئىش ئۇنىڭغا!

مەغرۇر ۋە ئەركىن تەبىئەتلىك پەرۋانە كىچىككىنە نۇر ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىز ۋە مەھكۇملۇقىنى چاندۇرۇپ قويغاندەك، ئېرىنى ھەرقاچان ئۆزىنىڭ گۈزەل نازى ۋە ئەقلى بىلەن لال قىلىپ كەلگەن ئەختەرخان يۈرىكىگە تۇيۇقسىز چۈشكەن شېرىن بىر ئارزۇنىڭ مەستىچىلىكىدە، ئۆزىنى تېخى بايىقىچە ئارامسىزلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان تەشۋىش ۋە گۇمانلىرىنى ئۇنۇتتى.

— تۈۋا، كۆرۈڭ بۇ تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەتنى، — دېدى ئەختەرخان چىرايلىق قاپ-قارا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، — شۇنداق قىلىپ ... بۇ ھاكىملىق راست سىلىگە توغرىلىنىپ قالامدۇ نېمە؟

كېرىم بۇجاڭ گۈزەل خوتۇنىنىڭ قوي قۇيرىقىدەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان سېمىز كۆكسىنى چىمداپ قويدى.

— قانداق، ئەمدىغۇ ئېسىت چىنەم... ئېسىت پىيالەم ... دەپ قۇلاق — مېڭەمنى يېمەيدىغانسەن.

— يا — قا، ئەمدى ئۇنداق قىلمايدىغان، خۇدايىم... تەلەيلىرى ئوڭدىن كېلىپ ھاكىملىققا ئولتۇرىدىغان بولسىلا، ئۆيىنىمۇ ھاكىمچە تۈزىمەن دېسىلە. قاچا- قۇمۇچ دېگەن نېمە ئۇ؟ ئۆي سەرەمجانلىرىنىمۇ باشقىدىن يېڭىلىتىمەن، ئەمەسمۇ ... مۇشۇ ئۆچكە بىلەن توخۇنىڭ غەلۋىسىنى قانداق قىلارمىز؟

— شۇ چاغدا كۆرىسەن، ناھىيىدىكى ھەممەيلەن ئۆيىڭنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ.

— ئۇھ خۇدايىم ... دېگەنلىرى كەلسۇن كېرىم ھاكىم ... — ئەختەرخان بۈگۈن ھېچقاچان ھېس قىلمىغان شېرىن خىيالى لەززەتتىن مەس بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمدى. كېرىم بۇجاڭ خوتۇنىنىڭ ئوتتەك قىزىغان ئەنگەكلىرىگە يېرىك ساقاللىرىنى سۈركىگەچ ئاستا پىچىرلىدى:

— رادىئو ئۆزبېكنىڭ سىم يوللىرى راۋانمۇ خوتۇن؟

— راۋان، راۋان بولمامدىغان، خۇدايىم... تىلىكىمىز ئىجاۋەت بولغان شۇ كۈنى نامۇشەرەپلىرىنى پۈتۈن ناھىيىگە ئۆز ئاغزىم بىلەن جاكالايمەن.

مەھەللە مىكيان كوتۇلداپ — كوتۇلداپ، ھويلا ئىچىدە دان ئىزلەپ قويۇندەك پىرقىراپ گۈگۈم چۈشكەندە، ئىلاجسىز ئۇششاق چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاچ پېتى ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەمما شۇ سالپاڭ قۇلاق ئاق ئۆچكىنىڭلا ئاغزى بېسىلمىدى! كېرىم بۇجاڭ بىلەن ئەختەرخان ئۆچكە بىلەن توخۇسىنىلا ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ كەچكى تامىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىشقانىدى. ئۇلار گويا ئۇزۇن يىل ھىجران سەۋدالىقىدا كۆيۈپ پەقەت بۈگۈن كېچىدىلا ئاندىن تېپىشقان ئاشىق مەشۇقلاردەك سۆزلىرى تۈگىمىدى. پەقەت تۈن تەڭگە يېقىن چىراقنى ئۆچۈرۈپ، ئورۇنلىرىغا سوزۇلۇشتى. ئەمما ھەر

www.uyghurkitap.com

ئىككىسى كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقان، خىيالغا چۆمگەنىدى.

كېرىم بۇجاڭ ئۆزىنىڭ 45 يىللىق ھايات مۇساپىسىدا، بولۇپمۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن كۆرگەن - بىلگەنلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇ ھايات يولىنىڭ ھەر بىر قەدىمىدە ئۆزى ئۈچۈن ئاجايىپ قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىغان، ئۇ ئەشۇ تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى ئالدىغا دۈچ كەلگەن خەتەرلىك ھاڭلاردىن، تىك توساقلاردىن ئەپ - چىللىك بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. رەقىب - لىرىنى مەغلۇپ قىلدى، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، دۇنيادا ھەرقانداق نەرسىگە قارىغاندا، ئۆز تەجرىبىسىگە خۇددى تەقۋادار موللىنىڭ خۇداغا چوقۇنغىنىدىنمۇ ئارتۇق چوقۇنىدۇ، ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئۇ 1959- يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئۈرۈمچىگە مەلۇم بىر ئىنستىتۇتقا قوبۇل قىلىنغانىدى. ئەمما ئۇ، ئىنستىتۇتنىڭ تۆمۈردىن چىڭ تەشكىل - تۈزۈملىرىگە، سۈپۈرگە قوناق ئۇنىدىن پۇشۇرۇلغان چالىمىدەك تەمسىز نانلىرىغا كۆنەلمىدى، بىر يىلدىن كېيىنلا ئۆيىگە - ناھىيىنىڭ ئەڭ چەت يېزىسى ئالاقاغا مەھەللىسىگە قېچىپ كەلدى. شۇ كۈنلەردە بۇ گۈڭشېغا يېڭىدىن پارتكوم شۇجىسى بولۇپ بارغان لى شۇجى كىمدىندۇر مۇشۇ مەھەللىدە ئاز - تولا خەنزۇچە سۆزلەشنى بىلىدىغان بىر بالىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۆز مەھەل - لىسىدىمۇ بۇرۇنقى مەمۇرچىلىق تۈزغاقتەك توزۇپ، قوناق زاغرىسىغىمۇ قورسىقى تويماي قاڭغىر - قاقشاپ يۈرگەن كېرىمگە ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدە يېرىم - يىل ئۆگىنىۋالغان بىرنەچچە ئېغىز خەنزۇچە سۆزى بەخت، ئامەت ئېلىپ كەلدى. لى شۇجى ئۇنى گۈڭشېغا ئالاقىچىلىققا ئورۇنلاشتۇردى.

بىر كۈنى ئۇ كۈتۈلمىگەندە گۈڭشې شېجا - ڭىنىڭ قاچاندۇر بىرچاغدا ئوڭچى ئۇنسۇر قالپىقى كەيدۈرۈلگەن بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ يېڭى تۇغۇتلۇق ئايالى ئۈچۈن ئون جىڭ ئاق ئۇن تەستىقلاپ بەرگەنلىكىنى سېزىپ قالدى - دە، شۇ ئاخشىملا لى شۇجىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ دوكلات قىلدى.

لى شۇجى خېلىدىن بېرى بۇ شېجاڭ بىلەن زىددىيەتلىشىپ، ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپالماي يۈرگەنىدى. ئۇ ئاخىرى ئۆز مەقسىتىگە يەتتى! شېجاڭ بىر ئايدىن كېيىن دەرىجىسى تۆۋەنلە - تىلىپ نەگىدۇر يۆتكىۋېتىلدى، 20 ياشلىق كېرىم لى شۇجىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن پار - تىيىگە قوبۇل قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي گۈڭ - شېنىڭ مۇئاۋىن شېجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

ۋاھ! نېمە دېگەن تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەت بۇ؟ دۇنيادا پايدا - نەپكە ئېرىشىدىغان مۇنداقمۇ ئاسان يول بار ئىكەن - ھە؟

ئۇ شۇ كېچىسى ئەشۇلارنى ئويلاپ خۇددى بۈگۈنكىدەك ئۇيقۇسى كەلمىگەنىدى. ئۇ كىر، كۆك ماتا كۆرپىسى ئۈستىدە ئۇيان ئۆرۈلۈپ - بۇيان ئۆرۈلۈپ، مۇنداق بىر ھايات ھەقىقىتى - نى خۇلاسىلەپ چىقتى: «ئەمەل، ئامەت، پايدىغا ئېرىشىش ئۇنچىۋالا سىرلىق، مۈشكۈل ئىش ئەمەس ئىكەن - دە. گۈڭشېغا مۇئاۋىن شېجاڭ بولغان يەردە، نېمىشقا شېجاڭ بولغىلى بولماي - دىكەن؟ بۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ تەقدىرىڭنى قولىدا تۇتقانلارنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىق - ماسلىقىڭ، كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن، ۋاقتى كەلسە ئايىغىدا ئىت بولۇپ ئۆمىلەشنىمۇ، كىشىلەرنىڭ كەينىدىن تۇيدۇرماي كېلىپ، يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرۇشنىمۇ بىلىشىڭ كېرەك.»

دەرۋەقە ئۇ مۇشۇ يول بىلەن ئارزۇسىغا يەتتى. بىرلىرىنىڭ قاڭغىر - قاقشاشلىرى، بىرلىرىنىڭ دەرد - ئەلەملىك كۆز ياشلىرى بەدىلىگە ئۇ گۈڭشې پارتكومىغا مۇئاۋىن شۇجى، كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە بۇجاڭ قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. لېكىن ئۇنىڭغا بىر ئەلەملىك خىيال يۈرەك - باغرىنى قۇرۇتتەك غاجىلاپ ئاراملىق بەرمەيتتى. ئۇ، ئون نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ بۇجاڭلىق ئەمەلدە گويا ئۇ مۇشۇ بۆلۈمگە قېقىپ قوي - غان تۆمۈر قوزۇقتەك ھېچياققا مىدىراپ باق -

قىنى يوق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈسكەنلەرنى ئالدى ئاپتونوم رايونغا، بەزىلىرى ۋىلايەتكە مۇھىم مەنسەپكە ئولتۇرۇشتى. تېخى نەدە كۆزگە ئىلىماي يۈرگەنلەر ئۇنىڭ ئۈستىدە — ناھىيىگە ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم. ئۇ ئويلا-ئويلا بۇنىڭ يولىنىمۇ بىلىۋالدى، ئەمدى ئۈسۈش ئۈچۈن بىلىم، ئەڭ ياخشىسى ئالىي مەكتەپنى پۈت-تۈرگەن بولۇشى كېرەك ئىكەن. ئەختەرخان ئۇنىڭغا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قوللانمىسىنى تېپىپ بېرىۋىدى، ئۇ ئۇيان-بۇيان ۋاراقلاپ بېقىپ، بىر كۈندىلا زېرىكتى. ۋاي بولدىلا! ياش قىرىقتىن ئاشقاندا ئۆگىنىمەن دېگەنمۇ گەپمۇ؟ ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشقا باشقا يەردىن ئامال ئىزلەش كېرەك.

خەيرىيەت! ئامالمۇ تېپىلدى. ئۇنىڭغا بۇرۇنقى باشلىقلىرى شۇجى ئەسقاتتى. ئاللىقاچان كۆكلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بۇ مېھرىبان باشلىقىنىڭ ھازىر ئۇ بۇرۇن بىر يىل ئوقۇپ قېچىپ كەل-گەن ھېلىقى ئىنستىتۇتتا مۇھىم بىر ۋەزىپىدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى-دە، يېرىم ماشىنا سوغا-سالام بىلەن ئالدىغا باردى. پېشقەدەم باشلىق ئۇزاق ئويلىنىپ بىر ئاخشىمى كىملەر-نىدۇر ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. كېرىم بۇجاڭ بىر ھەپتىدىن كېيىن قىزىل تاشلىق — ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلىك گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ ناھىيىگە قايتتى.

دېمەك، ئەمدى ئۇ ناھىيىدە ھەممىدىن غالىب! ئەتىكى يىغىندا قاسىم جۇيجاڭ مەغ-لۇپ قىلىنسا، كامال شۇجىنىڭ ئىشەنچىسى قولغا كەلتۈرۈلسە، بۇ ناھىيىدە ئەمدى ھاكىم نامزاتى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا كىم بار؟

— ھېچكىم يوق! ...

— ۋدىيەي!! — ئەختەرخان قورقىنىدىن تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىدىن چاچرىغان ئۇچقۇندەك سەكرەپ قوپۇپ كەتتى، — نېمە تۇۋلايلا؟ ۋايجان، ۋاي يۈرىكىم!...

— نېمە سەت ۋارقىرايسەن، نېمە بولدۇڭ؟

— ئويغاقمۇ سىلە؟ ئۇھ خۇدايىم ... نېمە ۋارقىرايسەن دەيلىمىيا؟ ئۆزلىرى ۋارقىراپ ...

— تېخىچە ئۇخلىمىغانىدىلىڭ؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— ھى ... ھى ... ھى ... سىلە ھاكىم بول-سىلا مەنمۇ ئازراق ئۈسەرمەنمىكىن دېگەننى خىيال قىلىپ ...

— ئەخمەق ... — كېرىم بۇجاڭ يەنە نېمە-نىدۇر غۇدۇڭشۇپ، بىردىنلا قىژلىقىنى تالاغا تىكتى، — ھەي... ئۆچكە مەرەۋاتىدىغۇ، قورسى-قىمغا تېخىچە يەم بەرمىدۇقمۇ نېمە؟ قوپ ... قوپ... زوۋاننى بېسىقتۇرغىنىنا ئاۋۇ تازىنىڭ.

— سىلە قوپسىلىمىيا، يېرىم كېچىدە ئەمدى...

— ھېلىتىنلا ھال كىرگىلى تۇردىغۇ ساڭا.

— ياق ... ياق ... نەدىكىنى، ئەمىسە سىلە ياتسىلا، مەن قوپاي، — ئەختەرخان تېمىس-قىلاپ كىيىملىرىنى كىيىپ، ھويلىغا يۈگۈردى.

2

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئەتىسى ئەتىگەندە پارتكوم بىناسىنىڭ كىچىك زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىرىدىن باشقا، مۇئاۋىن ھاكىم-لار ۋە ھەرقايسى بۆلۈم-ئىدارىلارنىڭ بىرىنچى قول باشلىقلىرى قاتناشقانىدى. يىغىندا كامال شۇجى قىسقىچىلا سۆز قىلدى. ئۇ، ناھىيىدىكى ھەرقايسى ساھەلەردە ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋات-قان تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ كېتىۋېتىش ئەھۋالى، نەتىجىلەر ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر توغرىسىدا ناھىيىلىك پارتكوم ئالدى بىلەن ھەرقايسى يولداش-لارنىڭ دوكلاتى ۋە پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ناھىيىلىك ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بىرىنچى بولۇپ سۆز ئالدى. ئۇ، زاۋۇت، كان، كارخانىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كىرىمىنىڭ ئېشىش-كېمىيىش ئەھۋالى، ئاساسىي قۇرۇ-لۇشى ئۈچۈن لازىم بولۇۋاتقان مەبلەغ ۋە تېخنىكا كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكى، يەرلىك تاۋارلارنىڭ سۈپەت ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەسلىكى سەۋەبىدىن سېتىلماي ئېغىر دەرىجىدە بېسىلىپ قېلىۋاتقانلىقى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان

ئېغىر ئىسراپچىلىقلار ھەققىدە سۆزلىدى.

يىغىننىڭ داۋاملىشىۋاتقىنىغا بىر سائەتتىن ئاشقانىدى، كېرىم بۇجاڭ پارتكومنىڭ يېڭى شۇجىسىنى گويا بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك تەجرىبىلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكەتلىرىگە ئىنچىكە سەپسېلىپ ئولتۇرماقتا. يېشى قىرىقتىن سەل - پەل ھالقىغان، تەنھەرىكەتچىدەك ئورۇق، زىلۋا، ئېگىز بويلۇق، ئەمما قايسى بىر ئاكادېمىيەنىڭ قېرى تەتقىقاتچىسىدەك چېچى ئاقىرىشقا ئۈلگۈرمەيلا چۈشۈپ تۈگەپ بېشى تاقىرلىشىپ كەتكەن بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ چوڭ - چوڭ قوي كۆزلىرىنىڭ ئەتراپتا ئولتۇرغانلارغا تېز - تېز چاقماقتەك ئۆتكۈر بېقىشى بىلەن، ئۇزۇن يىل رازۋېتكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان پېشقەدەم ساقچىنى ئەسلىتەتتى.

ئۇ دوكلاتنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ، خۇددى قارا چۆمۈلىنىڭ قىزىق قۇمدا يۈگۈرگىنىدەك تېز - تېز خاتىرە يازماقتا. ئۇ گاھىدا بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، دوكلات قىلغۇچىنىڭ كۆزىگە ئۆتكۈر سوئال نەزىرىدە مىختەك تىكىلىپ قالاتتى، گاھىدا تاقىر بېشىنى سىلاپ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە نېمىنىدۇر مۇلاھىزە قىلاتتى، لەۋلىرىنى چىشلەيتتى، قوشۇمىسىنى تۈرەتتى، بارماقلىرى ئارىسىدا قەلىمىنى ئايلاندۇراتتى، يەنە يېزىشقا كىرىشەتتى.

كېرىم بۇجاڭ جانلاندى، كۆڭلىدە نېمىدىندۇر قانائەت تاپقاندەك بولدى. كامال شۇجى زېرەك - سەزگۈر، ئەقىللىق، تولىمۇ ھېسسىياتچان ئادەم ئىكەن مانا بۇ ئۇنىڭدىكى ئاجىزلىق. ھېسسىياتقا بېرىلگەندە ئادەم نېمە بولىدۇ؟ پولاتتەك ئىرادىسى مەلۇم پەيتلەردە پىلىكتەك يۇمشاپ قالىدۇ! قەدىمىڭىزگە مۇبارەك كامال شۇجى! سىزنى نوقتىلاشمۇ ئانچە تەسكە چۈشمىگىدەك!

كېرىم بۇجاڭ سانائەت قاتناش ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭىنىڭ دوكلاتىدىن كېيىنلا ئۈچىنچى بولۇپ سۆز ئالدى. ئۇ ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ياخشىلاشقا دائىر ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ ناھىيىدە تەشۋىق قىلىنىش ئەھۋالى ۋە بۇ جەھەتتە قولغا كەلگەن ئۇتۇقلار توغرىسىدا سىستېمىلىق ۋە پاكىتلىق قىلىپ سۆزلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەتتە بىر مۇنچە ناتوغرا كەيپىياتلارنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، قۇربان ئەلىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلىنغان «ئىمتىياز ۋە ھەقىقەت» ناملىق ھېكايىسىنى تىلغا ئالدى. ھېكايىنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى، جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى تەھلىل قىلدى ۋە پارتكومنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— خوش، يولداش قۇربان ئەلى پارتىيىگە، پارتىيە رەھبەرلىكىگە زەھەر خەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغان بۇ خاتا ھېكايىسىنى نېمە ئۈچۈن بۇرۇنمۇ ئەمەس كېيىنمۇ ئەمەس دەل ناھىيىمىزگە يېڭى پارتكوم شۇجىسى كەلگەن ۋاقىتتا توغرىلاپ ئېلان قىلىدۇ؟ بۇنىڭغا بۇ تەلۋىلەرچە جۈرئەت نەدىن كەلگەن؟ ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنىڭغا دەل ناھىيىمىزدىكى ئايرىم رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يانتاياق بولۇشى سەۋەب بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پارتكومنىڭ يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسىگە بولغان نارازىلىق ۋە ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلەش ۋە بۇ ھەقتە جامائەت پىكرى توپلاش ئۈچۈن قۇربان ئەلىنىڭ قەلىمىدىن پايدىلانغان. بۇ ھېكايە بېسىلغان ژۇرنال ناھىيىمىزگە تارقىتىلغاندىن كېيىن تەسىرى قانداق بولدى؟ مەن شۇنى ناھايىتى ئېچىنىش ھېسسىياتىم بىلەن ئېيتىمەنكى، كىشىلەر بۇنى بەس-بەس بىلەن ئوقۇشقاندىن كېيىن، تۆۋەندە پارتكومنىڭ يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسىگە ئىشەنمەسلىك، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىش كەيپىياتى شەكىللەندى. ئەگەر ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كېتىۋەرسە، پارتكوم پۈتۈن ناھىيىنىڭ خىزمەتلىرىگە قانداق ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك قىلالايدۇ؟ ئىسلاھاتنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ مېنىڭچە بىر ئىزدا توختاپ قالمىغاندىمۇ ئېغىر توسالغۇغا دۇچ كېلىدۇ...

— قولىڭىزدا بارمۇ شۇ ژۇرنال؟ — دېدى كامال شۇجى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— دار، مانا ... — كېرىم بوجاڭ ئالدىدىكى
ماتېرىيال ئارىسىدىن ئاچ كۆك موقاۋىلىق ژۇر-
نالنى ئېلىپ، كامال شۈجىغا ئۇزاتتى.

— قېنى، سىز سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋې-
رىڭ، — دېدى شۈجى ژۇرنالنىڭ مۇندەرىجىسى-
نى كۆرۈۋېتىپ.

— مەن پارتكومغا شۇنداق تەكلىپ بېرىمەن-
كى ... — كېرىم بوجاڭ ئالدىدىكى چايدىن بىر
يۇتۇم ئوتلاپ، ئاندىن ئاغزىنى قولىنىڭ ئار-
قىسى بىلەن ئېرتىۋېتىپ داۋام قىلدى، — مەن
پارتكومغا شۇنداق تەكلىپ بېرىمەنكى، پۈتۈن
ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلات-
لىرى نۆۋەتتىكى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش
خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ھېكايىنىڭ پار-
تىيە ئىستىلىنى ۋە جەمئىيەت كەيپىياتىنى
قالايمىقانلاشتۇرۇش جەھەتتە ئوينىغان سەل-
بىي رولىنى ۋە ئۇنىڭ زىيانلىق ئاقىۋىتىنى
ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىغا تونۇتۇش لازىم. مەن
تەشۋىقات بۆلۈم نامىدىن قۇربان ئەلىنىڭ بۇ
ھېكايىسى توغرىسىدا بىر پارچە ئومۇمىي ئۇق-
تۇرۇش يېزىپ چىقتىم. مۇشۇ بىر-ئىككى كۈن
ئىچىدە پارتكومنىڭ تەستىقلاپ تارقىتىشىغا سۇن-
ماقچىمەن.

زال تىمتاسلىققا چۆمدى.

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى كېرىم بوجاڭنىڭ
سۆزىدىكى ساداقىنىڭ كەيرىچىدەك چىڭ تارتىل-
غان قاتتىق، ئۆتكۈر تەلەپپۇزىدىن كۆرە، ھەم-
مىدىن بەك كامال شۈجىنىڭ ژۇرنالدىكى ھېكا-
يىنى ئوقۇۋاتقان چېغىدىكى كەيپىياتىغا كۆز-
قۇلاق بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. كامال شۈجىنىڭ
بىردىنلا قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كۆزى قەھرلىك
پارقىراپ كەتتى، چىكە تومۇرلىرى كۆپۈپ، تى-
نىقلىرىنىڭ رېتىممۇ تېزلەشكەندەك بولدى.

بۇ كىشىلەر ئەزەلدىن پارتكوم شۈجىسىنىڭ
قاش-قاپىقىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، ئۆز-
لىرىنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى بەلگىلەشكە ئا-
دەتلەنگەن. بۇ ئۇلارنىڭ يېقىنقى يىللاردىن
بېرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان سىياسىي
مۇددىئا ۋە ئادەتلىرى نۆۋەتتىدىن توپلىغان
تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى. ئۇلار مەيلى ئۆزلى-
رىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، پارتكوم
شۈجىسىنىڭ چىشىغا ئازراقلا تېگىپ قويىدى-
غانلا بولسا، ئالدى بىر ئاي، كەينى بىر يىلغا
بارماي كەشىنىڭ توغرىلىنىپ قالىدىغانلىقىنى
ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار شۇتاپتا بىر-بىرى
بىلەن ئوچۇق-يوشۇرۇن سۆزلىشىپ باقمىغىنى
بىلەن، شۈجىنىڭ قاش-قاپىقىنىڭ تۈرۈلۈ-
شىگە سەۋەب بولغان بۇ مۇھىم مەسىلە ئۈست-
تىدە ئالدىراپ بىردەك پىكىرگە كېلىپ بول-
غاندەك قىلاتتى. شۈجىنىڭ كەيپىياتى ھەر-
بىي قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىدىنمۇ قاتتىق بۇي-
رۇق. دېمەك ئەمدى «ئىمتىياز ۋە ھەقىقەت»
ناملىق ھېكايىنىڭ ئاپتورىنىڭ ۋە ئۇنى قول-
لىغۇچى ئايرىم رەھبىرىي كادىرنىڭ ئەدىپىنى
بېرىش ئۈچۈن ئاتلىنىشى كېرەك ...

ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى زالنىڭ شۇنچە
ئىسسىق ۋە دىمىق بولۇشىغا قارىماي، تىۋىت-
لىرى چۈشۈپ كىردىن پارقىراپ كەتكەن سېرىق
چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى تاكى كىكىرتەككىچە
مەھكەم ئېتىۋېلىپ ئولتۇرغان پاكار، ئاقسې-
رىق ئادەم گويا ئۆز قارارىدىن مەمنۇن بول-
غاندەك ئىككى ياققا قىمىرلاپ يۆتىلىپ قويدى.
ئۆتكەن يىلى قىشتا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شاڭ-
جاڭلىقىدىن قاسىم جويجاڭنىڭ ئورنىغا ناھىيى-
لىك ماۋارىپ ئىدارىسىنىڭ جويجاڭلىقىغا يۆت-
كەپ كېلىنگەن گەۋدىلىك، تەتۈر ئۇستىخان
ساقاللىق ئادەم قاچاندۇر بىر چاغدا ساپال
قاچىنىڭ پۇچۇقىدىن ياسىۋالغان قوپال شاك-
رىسىدىكى تاماكا كۈلىنى پۈتىدىكى ئېغىر، ئۇ-
زۇن قونچىلىق توپلىيىگە تاقىلدىتىپ ئۇرۇش-
قا باشلىدى. كىملەردۇر چىرايىدا ھېچبىر ئى-
پادە بولمىغان ۋە بۇرۇنقى تەمكىن، تۇرغۇن
سېزىدەك ئېغىر سالمىقى بىلەن نېمىنىدۇ خىيال
قىلىپ ئولتۇرغان قاسىم جويجاڭغا كۆز قىرىدا
قاراپ قويدى، كېرىم بوجاڭنىڭ يادىكىنى چى-
رايىدا غالىبلارچە ئىچكى تەنتەنە ئەكس ئېتىپ
تۇراتتى. ئۇ مەسخىرە ۋە ئاداۋەتلىك بېقىشى بىلەن
قاسىم جويجاڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

— مەن بۇ ھېكايىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئۆتكەن ھەپتىدىلا ئوقۇغان، — دېدى كامال شۇجى كېرىم بوجاڭغا توغرىلىنىپ، — ئۇنىڭ ئاپتورى مۇشۇ ناھىيىمىزدە ئىكەن - دە.

كېرىم بوجاڭ قولىدىكى تاماكىنى ئالدىراپ كۈلدانغا پاتۇردى.

— ھە . . . ھە . . . ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىجادىيەتچىسى. قىسقىچە تارىخىي ئەھۋالى مۇنداق: 1970 - يىلى قولغا ئېلىنىپ توققۇز يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 1980 - يىلى زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋاقتىدا خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ بۇرۇنقى خىزمەت ئورنى - تارىم كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. لېكىن بىزنىڭ ئايرىم رەھبىري كادىرىمىز خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى يېزىقچىلىق ماھارىتى بار دېگەن باھانە بىلەن 1982 - يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكەپ كەلگەن. ھەتتا ئۇنىڭ ئايالىنىمۇ بازار باشلانغۇچ مەكتەپكە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرغان.

— قۇربان ئەلىنىڭ يەنە بۇنىڭدىن باشقا ئېلان قىلىنغان قانچىلىك ئەسەرلىرى بار؟ — كامال شۇجى ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا سورىدى.

— ھە ... ھە ... بارمىش، خېلى كۆپمىش، — دېدى كېرىم بوجاڭ.

— سىز ئەتە چۈشكىچە ئۇنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا يىغىپ تاپشۇرۇڭ.

— ماقۇل ... ماقۇل ... ئەمىسە مەن يىغىندىن كېيىنلا ھەسەن گۈەنجاڭغا ئۇقتۇرۇش قىلاي.

— ياق، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا ئۆزىڭىز بېرىڭ.

يىغىن بىر كۈن داۋام قىلدى، لېكىن شۇ كۈنى كەچتە پۈتۈن ناھىيە بازىرىغا «قۇربان ئەلىنىڭ يەنە خاتالاشقانلىقى» توغرىسىدا چاقماقتەك تېز خەۋەر تارقالدى. نېمە دېگۈلۈك؟ خۇش-خەۋەرگە قارىغاندا، شۇم خەۋەرنىڭ تارقىلىشى تېز بولىدۇ. باشقىلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان دەرد - ھەسرەتنى ئۆزى ئۈچۈن ئارام - راھەت دەپ بىلىدىغان كىشىلەر بۇنداق چاغدا جايىدا ئولتۇرالماي قالىدۇ، ئەتراپقا، بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغا قىل يورغىدەك چاپىدۇ. قىلدەك ئىشنى پىلدەك قىلمىسا، ئاڭلىغانلىرىنى ئىچىدە تېخىمۇ سەمىرىتىپ باشقىلارغا تېزراق دەۋەتمىسە كېچىسى ئۇيقىسى كەلمەيدۇ، يېگەن ئېشى تېنىگە سىڭمەيدۇ.

* * *

قۇربان ئەلى ئىشتىن چۈشۈپ چوڭ كوچىغا چىقتى. كەچتە كوچىدا ئادەملەر كۆپەيگەن، كىنوخانا بىلەن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئالدى كەچكى سەيلىچىلەر، مېۋە-چېۋە ساتقۇچىلار ۋە راخاپچى-دوغاپچىلار بىلەن ئاۋاتلاشقانىدى.

ناھىيە بازىرى ئىچىدە كىشىلەر بىر -بىرى بىلەن كۈندە نەچچە رەت ئۇچرىشىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ئۇلار ئۆزئارا تونۇش ھەمسۆھبەت بولۇپ كەتكەن. قۇربان ئەلى ئۆيىدىن ئىدارىگە كېلىپ، ئىدارىسىدىن ئۆيىگە كەتكۈچە يولدا كىملەرگىدۇر سالام بېرىش، كىملەر بىلەندۇر ھال-مۇڭ بولۇش ئۈچۈن بىر مۇنچە ۋاقتى كېتىدىغان، ئەمما بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر كىشىلەر ئۇنى تونۇمىغاندەك قىلىشاتتى. قىزىق! كۈندە نەچچە رەت سالام- سائەت قىلىپ ئۆتىشىدىغان سالى دوغاپ ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئىتتىك ئارقىسىنى قىلىۋالدى. تونۇشلار بىرچەتتە ئۇنى كۆزلىرى بىلەن ئىما قىلىشىپ، بىر- بىرىگە كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى، ئۇ، ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قاقاخلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

قۇربان ئەلى ۋېلسىپىتىنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپ خىيالغا چۆمدى: «بۈگۈن نېمە بولدىكىنە ئۇلارغا؟ مەن تۈرمىدىن يېڭى چىققان چاغدىمۇ كىشىلەر شۇنداق قىلغان. ئەمدىچۇ؟ ئەمدى يەنە تونىماسلىققا سالىدىغان، كۇسۇرلىشىدىغان، مەسخىرىلىك كۈلىشىدىغان نېمە ئىش بار؟» ئۇ ئەتىگەندە ئايالىنىڭ جېكىلىگەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئازراق پىياز، سامساق سېتىۋېلىش ئۈچۈن چوڭ كوچىدىن كۆكتات بازىرى تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۆستەڭ بويىدىكى ھېسسىپتەك تار، ئەمما، ئۈچەيدەك ئۇزۇن كەتكەن ئۈستى يېپىق كوچا، كۆكتاتچىلارنىڭ سودا سېتىقى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلگەن. قۇربان ئەلى قىستا-

قىستاڭچىلىقتا خېلىدىن كېيىن سامساق دۇكىنىغا يېتىپ كەلدى. بۈگۈنكىسى باي ناھىيىسىنىڭ سورتلۇق ئەمما ئەرزان سامساقلىرىدىن ئىكەن. قۇربان ئەلى توپىنىڭ چېتىدە نۆۋەت كۈتۈپ تۇردى.

شۇ ئەسنادا ئالدىدىكى ئىككى ئايالنىڭ سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋىيىيەي، ئەختەر زەنجاڭ، ھېلىقى مەستۇرە ئاۋاقنىڭ ئېرىنى يەنە خاتالىشىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلايمەنا؟ — دېدى خان ئەتلەستىن كۆينەك كىيگەن، بېشىغا زەر گۈللۈك ھىلىھىل ياغلىق چىككەن ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى بىر ئايال، — ئىسمى نېمىدى ئۇنىڭ، ھېلىقى «لاۋگەي»① دىن چىققان ...

— قۇۋان كىرپىدۇ، شۇنى دەيدىغانسىلا ھەقاچان؟ — دېدى ئەختەرخان قول ياغلىقىدا يۈزىدىكى تەرنى سۈرتىۋېتىپ، — ئۇ خېلى كونا گەپقۇ.

— خۇدايىمەي ... يەنە نېمە كەلگۈلۈك كەلگەندۇ ئۇ ئادەمگە، بىر نەرسە يازغانىنىڭ گېپى بارغۇ؟

— پارتىيىگە قارشى ھېكايە يازغان بولامدۇ ... كامال شۇجى ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇپ، غەزىپىنى باسالماي، يىغىندىلا جوزىنى مۇشتلاپ كەتكەنمىش.

— چاتاق بوپتۇ ئەمىسە، پۈتۈن ناھىيە ئەمدى مۇشۇ شۇجىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان تۇرسا، يەنە جازالىنىپ لاۋگەي بولۇپ كېتەرمۇ ئۇ ئادەم؟

— ئۇغۇ تۇرغانلا گەپ.

ھىلىھىل ياغلىقلىق ئايال دەز ماڭغان تامدەك سىلكىنىپ كۈلدى.

— ھى ... ھى ... ھى ... مەستۇرە ئاۋاق يەنە ھېلىمدەك قورۇلۇپ ئولتۇرىدىكەندە، ئەمدى.

قۇربان ئەلى بۇ گەپلەرنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىدى. ۋىلىسىپىتىنىڭ بېشىنى بۇراپ كۆكتات بازىرىدىن يېنىپ چىقتى. ئۇ پىياز، سامساق ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇدى، كۆڭلىدىكى بايىقى غەشلىكلەر، يېرىمچىلىقلار ئەندى كۆڭلىدىن قايياقىدۇر ئۇچۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئورنىنى خۇشاللىق، چەكسىز خۇشاللىق ۋە غالىبلىقنىڭ شادىيانە تەنتەنىسى ئىگىلىگەنىدى: «ئاھ، ئاق قەغەز ئالدىدا مۈكچىيىپ، تەپەككۇر ۋە ئىجاد بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكەن تالاي كېچىلەر! شۇ كېچىلەردىكى ئەجرىم بىكارغا كەتمەپتۇ! ئوق كۆزلىگەن نىشانغا تەگكەن ئوخشايدۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ ھېلىقى ھىلىھىل ياغلىقلىق ئايالنىڭ زەھەرلىك سۆزلىرىنى ئەسكە ئالغاندا، بۇ خۇشاللىقلىرى فانداقتۇر بىر دەردلىك ئۇكۇنۇش سېزىملىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى: «مەستۇرە، ئەشۇ خوتۇنلار مەسخىرە قىلغۇچىلىك ئاۋاقلىشىپ كەتكەنمىدۇ — ھە؟ راست، ئۇ جۇدىدى، ئورۇق — ئاۋاق بولۇپ قالدى، بۇنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن بولدى ....»

ئۇ ۋىلىسىپىتىنى روزى قاساپنىڭ دۇكىنى ئالدىدا توختاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم روزىكا!

دۇكىنىنى تاقاي دەپ تۇرغان كەكە ساقال، توخۇمدەك دوپپۇغلاق روزى قاساپ پەشتامىسى بىلەن ياغ يۇقى قوللىرىنى سۈرتكىنىچە دۇكاننىڭ ئالدىغا چىقتى.

— بەللى، مانا ئۆزۈڭ كەپسەن قۇناخۇن، مەن تېخى سەن بىلەن بىر كۆرۈشەي دەپ تۇرغان، قېنى دۇكانغا كىر.

— گۆشۈڭ بارمۇ؟

— گۆش — پۆش دېگەننى قويۇپ تۇر. ھەي، سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ بۇ، قۇناخۇن؟

— نېمە قىپتىمەن؟

— بۇرنۇڭغا يېمەپسەن — دە، تېخىچە! باشلىقلار بىلەن ئېتىشىپ نېمە قىلىسەن؟

— ئېتىشسام نېمە بوپتۇ؟ خاتا ئىش قىلسا ئېتىشىمەن، قارشى تۇرىمەن.

— ئەخمەق! — روزى قاساپ ئەتراپقا تەشۋىش بىلەن قاراپ قويدى، — تۇرمىدە تۇققۇز يىل ياتقىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ سەن ھەقنى سۆزلەيمەن دېگۈچە خەق سېنى ھەقدادىڭغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ، شۇنداق. نېمە قىلىسەن؟ جاھاننىڭ ئەگرى يېرىنى سەن بىر ئادەم تۈزلىيەلەمسەن؟ ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباپ ئۇلار ھەر باپ بىلەن ... خوتۇن - باللىرىڭ-

① ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش

www.uyghurkitap.com

نى نېمىشقا ئويلىمايسەن؟

قارىغاندا، روزى قاساپنىڭ راستىنلا ئاچچىقى بارىدەك قىلاتتى. ئۇ كۆڭلى قوي قۇيرۇقىدەك يۇمشاق، قۇربان ئەلى ئۈچۈن ئاتا يوللۇق، يۇرت ئىچىدە ئاتاق - ئىناۋىتى بار ئېسىل ئادەم. بايا ئۇنىڭ قۇربان ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشىپ، ئاچچىق ئارىلاش سۆزلىگەن گەپلىرىنىڭ بارى ھەق! ئەمما قۇربان ئەلى ئۇنىڭغا «يازغۇچىلىق» ۋە «ئەدەبىي ئەسەر...» دېگەنلەرنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ چۈشەندۈرەلمەيدۇ.

— راست ئېيتىسەن، روزىكا، دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى توغرا، — ئۇ قاساپنىڭ گۆشلۈك، يۇمشاق قوللىرىنى سىقتى، — ئەمما مېنىڭ قىلغانلىرىممۇ توغرا، قانداق توغرا دەمسىنا، مەن بۇنى ... ئەستا ... نېمە دەپ چۈشەندۈرسەم بولار؟ كەچ بولۇپ كەتتى، گۆشلۈك بولسا بەرسەڭ، بەش كىلو.

— گەپنى باشقا ياققا ئېلىپ قاچما، — روزى قاساپ قىزىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — مېنى تېخى ھېچنىمە چۈشەنمەيدۇ دەمسىناسەن؟ چۈشىنىمەن، نېمىشقا چۈشەنمەيدىكەنمەن؟ سېنىڭدەك كىتاب ئوقۇيالمىغىنىم، خەت يازالمىغىنىم بىلەن كۆزۈم بىلەن قۇلىقىم بار. ناھىيىدىكى ھەممە ئىشلارنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرىمەن. ئەمما مەن دېمەكچى ... — روزى قاساپ ئاۋازىنى پەسەيتتى، — ھازىرقى شۇجى، شيەنجاڭ دېگەنلىرىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. 50 - يىللاردىكى ئىشلارنى سەن ئانچە بىلمەيسەن، مانا مەن تازا بىلىمەن، ئۇ چاغنىڭ شۇجى، شيەنجاڭلىرى ھەقىقەتەن خەلق بىلەن سىرداش ئىدى، بىزدەك ئاددىي پۇقرالارمۇ ئۇلار بىلەن خالىغان چاغدا كۆرۈشەلەيتتۇق، كۆڭلىمىزدىكىنى ئېيتالايتتۇق. ھازىرچۇ؟ بېرىپ ئىككى ئېغىز دەردىمىزنى ئېيتالايمىزمۇ؟ ھەي ...سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا. بىلىمەن، سەن ئۇلارنى خەلقنىڭ دەردىگە يەتسە، بۇرۇنقى زامانىنىڭ پومىششىكلىرىدەك بولۇۋالمىسا دەيسەن. ئەمما ئۇلار دېگەن ھازىر ئاسمانغا بويتارتقان يىلتىزى چوڭقۇر چوڭ دەرەخ، سەن مۇنچىۋالا كۆچەپ زورۇقۇپ ئۇنىڭ بىر تال يوپۇرمىقىنى مىدىرلىتالمايسەن، ئەكسىچە ئۆزەڭنى نابۇت قىلىۋالىسەن، خوتۇن - بالىلىرىڭنى قاڭغىر قاخشىتىپ قويىسەن.

— بۇ، مۇمكىن ئەمەس، — دېدى قۇربان ئەلى پەرۋاسىزلا، — كۆڭلۈڭگە رەھمەت، ئەمما خاتىرجەم بول روزىكا، بۇرۇنقىدەك زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىغانلارنىڭ ئەمدى ھەددى ئەمەس، مېنى بېرىدىغىنىڭنى بەرمەمسەن، ئالدىرايمەن.

روزى قاساپ يەنىلا ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالالمىدى، ئۇنىڭ ئەشۇ غەمكىن بېقىشىدا چوڭقۇر خەيرىخاھلىق، كۆيۈنۈش ۋە قىيالماسلىق مەناسى بار ئىدى.

— خەير بوپتۇ، ھەر ھالدا شۇنداق دېگىنىڭنىڭ يامىنى يوق، كېڭىشىپ باق، — دېدى ئۇ غۇدۇڭشىغاندەك قىلىپ، — ھە ... بۇ تىنجىق ئىسسىقتا شۇنچىۋالا نۇرغۇن گۆشنى نېمە قىلىسەن؟

— مېھمىنىم بار.

— كىم ئۇ؟

— ئۇنى سورىما.

روزى قاساپ تۆمۈر كانارىدا ئېسىقلىق تۇرغان ئاخىرقى بىر پارچە گۆشنى جىڭلاپ، ئۆزىنىڭ پەشتامىسىغا ئورىدى - دە، قۇربان ئەلىنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ ئارقىسىغا چېگىپ بەردى.

* * *

سىرتتا ھويلا ئىشىكىنىڭ تاراقشىپ ئېچىلغان، ئاندىن كونا ۋېلىسىپىتنىڭ شاقىلدىغان، نېمىگىدۇر ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۆيدىكىلەر ئۇستىدە نېمىنىدۇر تالىشىپ، بىر - بىرسى بىلەن جىدەللىشىپ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ چوڭى قولىدىكى ھېساب كىتابىنى، كىچىكلىرى رەسىملىك ژۇرناللارنى جايىغا تاشلاپ، كارىۋاتتىن بەرگە سەكرەپ چۈشۈشتى - دە، ھويلىغا سەكرەپ چىقىشتى.

— دادا ... دادا ... بىزگە ۋېلىسىپىت مىندۈرەمسەن دادا؟

— ئوھو خانقىزىم ... ئوھوي ... باتۇرلىرىم...
كېلىڭلار، كېلىڭلار! — قۇربان ئەلى بالىلىرىدىن گويا ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ، ھازىرلا كۆرۈشۈۋاتقاندەك بىر - بىرلەپ قۇچاقلاپ سۆيدى، — ئۇنداق ئەبجەق ۋېلسىپىتنى مىنىپ نېمە قىلىسىلەر؟ مىنەڭلار، مېنى مىنىڭلار!

قۇربان ئەلىنىڭ ئۇزۇن، ئېگىز، قاتاڭغۇر گەۋدىسى تاپىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ قىزى بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغلىنى باغاشلاپ كۆتۈرۈۋالغان. كىچىككىنى گەجگىسىگە مىندۈرۈۋالغانىدى.

مەستۇرە ئاشخانىدىن چىقىپ بالىلىرىغا كايىدى:

— ۋاي ئانام، چوڭ بولغاندا نېمە قىلغىنىڭلار بۇ ھە؟ چۈشۈڭلار! چۈشۈڭلار، داداڭلارنىڭ كىيىمىنى بۇلغايسىلەر!

قۇربان ئەلى بالىلارنى كاردۇات ئۈستىگە دەسسىتىپ قويدى.

— يەرگە چۈشۈڭلار، قېنى بىر دەم ئويناپ كىرىڭلار. ئۆستەڭ بويىغا بارماڭلار جۇمۇ! — دېدى مەستۇرە، بالىلار قى - چۇ قىلىشىپ، تالاغا يۈگرەپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇ بىردىنلا ئېرىنىڭ گويا ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۆزىگە بۆلەكچىلا تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، ئىززا تارتقىنىدىن يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، — نېمە قاراپ كەتتىڭىز؟



قۇربان ئەلى جاۋاب بەرمىدى. ئۇ بىردىنلا مەستۇرەگە يېقىنلىدى.

— مەستۇرە ... — نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ئۇ دەسلەپتە مەستۇرەنىڭ ئاندا - ساندا ئاق ئارىلىغان چاچلىرىنى، ھالقا سېلىنماي تۆشۈكلىرى پۈتۈپ كەتكەن قۇلىقىنى، ئاندىن تاتارغان، قىل سۇۋرەتكەندەك ئىنچىكە قورۇق چۈشكەن يۈزلىرىنى سىلىدى ۋە بىردىنلا مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

— ۋديەي، سەن تۇرىدۇ، بالىلار كۆرۈپ قالىدۇ ... — دېدى مەستۇرە تىپىرلاپ، ئۇنىڭمۇ ئاۋازى تىترەپ كەتتى! ھاياجان، تەئەججۈپ ۋە قورۇنۇش تۈيغۇسى ئىچىدىكى يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەشلىرى ئۆزىگىمۇ ئاڭلانغاندەك قىلاتتى.

— مەستۇرە ... نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق زەڭ قويمىغاندىمەن ساڭا، ماڭا قارىغىنا، نېمانچە ئورۇقلاپ جۈدەپ كەتتىڭ؟

— جۈدىسەم نېمە بوپتۇ؟ قېرىغاندىمەن ئەمدى.

— قۇرۇق گەپ قىلما، نەدىكى قېرىلىق ئۇ؟ ئوتتۇز ئالتىگە كىردىڭ، گۈلدەك ئېچىلىپ كۈلىدىغان ۋاقتىڭ بۇ؟ سەنمۇ باشقىلارنىڭ ئاياللىرىدەك سەمىر، ئوينا، كۈل!

— ئوينا، كۈل دەمسىز؟ — دېدى مەستۇرە ئېرىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە، — بۇ گەپچە بۈگۈن كەچتە ئۆيگە مېھمان چاقىرىپسىز - دە، كۆردۈم، بىر پاتمان گۆشمۇ ئېلىپ كەپسىز.

— ئېلىپ كەلدىم، ئەمما ئۇنى مېھمانغا ئەمەس ساڭا يېگۈزىمەن.

— ماڭا؟

— ھەئە ساڭا، ئەمدى مەن سېنىڭ ئورۇق-جۈدەڭلىكىڭگە (ئۇ ئاۋاق دېيىشكە تىلى بارمىدى) خاتىمە بەرمەكچىمەن. ئالدىڭدا گۇناھلىرىمنى يۇماقچىمەن.

مەستۇرە چۆچۈپ، چىرايى تەئەززدەك ئاقىرىپ كەتتى، كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى.

— نېمە دەۋاتىسىز؟... بۇ گەپچە مەن سىزنى ئالدىمدا گۇناھكار دەپ قارامدىكەنمەن؟

— ياق، ياق ... مەن شۇنداق ئويلايمەن مەستۇرە، سەن مېنى كەچۈر، كەچۈر ... مەن سېنى غۇربەتچىلىكتە قويدۇم. سەن مەن ئۈچۈن،

مۇشۇ ئۆيىمىز ئۈچۈن گۈلدەك ياشلىق باھارىڭنى يوقاتتىڭ. ئويلاپ باقسام سەن مەن بىلەن توي قىلغاندىن بېرى خەقنىڭ ئاياللىرىدەك ۋال - ۋۇل كىيىنىپ، قولۇڭغا ئالتۇن ھالقا، بوينۇڭغا ئۈنچە-مەرۋايىتلار ئېسىپ باقماپسەن. مەن بۇرۇن ئاياللار پسىخولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەن؛ ئاياللار كىيىم-كېچەك، زىبۇ - زىننەتلەرنى ئۆز ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنىۋى ئوزۇقى دەپ قارايدۇ. ئاياللار بۇ ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن ئۈستۈنلۈك، شان-شۆھرەت تالىشىدۇ، قورسىقى ئاچ قالسىمۇ، بەدىنىنى كېسەل ئازابى چىرمىسىمۇ، ئۇلار ئەنە شۇ مەنىۋى ئوزۇقى ئارقىلىق ئۆزىنى ئەركىن، ئازادە، ساغلام ۋە بەختلىك ھېس قىلىدۇ. سەنچۇ مەستۇرە، سېنى ھاۋا ئانام تۇغقان بولغىمىدى؟ راست دەيمەن. ئۇ چاغدا ئىنسانلار پاك ۋە پەزىلەتلىك ئىدى، بۈگۈنكىدەك پەسلىك ۋە رەزىللىكنى ھېچقايسىسى بىلمەيتتى. مەن سېنى ھەممىشە ھويلىمىزدىكى ھېلىقى كۆك ئانا كەپتەرگە ئوخشىتىمەن. ئۇنىڭ قىزىل قۇرۇتتەك ئۇششاق باچكىسىنى قانداق بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىغا زەڭ سېلىپ باققانمىدىڭ؟ ئۇنىڭ باچكىسىغا قانداق دان يېگۈزگەنلىكىگە قاراپ تۇرۇش قانداق ئېچىنارلىق - ھە؟ ئۇ پوكىنىدىكى دانلارنى مىڭ بىر جاپادا بىردىن، بىردىن ياندۇرۇپ باچكىلىرىغا يېگۈزىدۇ. بۇنداق چاغدا بىچارە كەپتەر تۇخۇمدەك تۈگۈلۈپ، بەزگەك ئادەمدەك تىترەپ كېتىدۇ! ئۆزىنىڭ قۇۋۋىتىنى، ھاياتىنى ئەنە شۇنداق تۈگىتىدۇ. ئەزبىرايى... سەنمۇ شۇنداققۇ مەستۇرە! بىر چاغلاردا قانداق چىرايلىق قىز ئىدىڭ ھە - سەن؟ سېمىز، ساغلام ئىدىڭ، كۆينەكلىرىڭگە چەپپىدە كېلەتتىڭ، ئەمدىچۇ؟ مۇشۇ ئۆينىڭ دەردىدە ئورۇقلىدىڭ، كېسەلچان بولۇپ قالدىڭ. نېمە، مەيلى دەمسەن؟ نېمىگە مەيلى؟ سېمىزلىك، ساغلاملىق ياراشمامدىكەن ساڭا؟ قېنى، گۆشنىڭ ھەممىسىنى قازانغا سال، ئويلاپ باقسام بىز توي قىلغاندىن بېرى قىقىلىپ، سوقۇلۇپلا ئۆتۈپتىمىز، كۈنىمىز غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈپتۇ. بىرەر قېتىممۇ باللار بىلەن ئىگەنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇرۇپ، تويۇپ - كېكىرىپ كەتكۈدەك گۆش يەپ باقماپتىمىز!

ئاھ، نەقەدەر مېھرىبان ئەر! مەستۇرە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، بەخت ۋە سۆيۈنۈش ئوتى بىلەن قاينىغان ئىسسىق ياشلىرى كۆز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىقتى. راست، قۇربانىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ بەرى راست. ئەمما مۇشۇنداق ۋاپادار ئەر، ئامراق يار ئۈچۈن قۇربان قىلغان ياشلىق ھاياتىنىڭ نېمە ئارمىنى قالىدۇ؟ ئۇنىڭغا بۇرۇن تارتقان قايغۇ - رىيازەتلىرىنى، ئىشىتكەن تىل - دەشناملىرىنى، غۇربەتچىلىكتە كۆز ياپىرىقىدەك سارغىيىپ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەش بەك ئېغىر. ئەمما مەستۇرە، ھاياتىنىڭ بۇ مۇشكۈل داۋانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتكەن چىدامىلىقى ۋە جاسارىتى بىلەن بەختلىك! قۇربان تىزدىقان، سەپرا مىجەز، جاھىل ئادەم. ئەمما مەستۇرە ئۇنى ئەشۇ ئىللەتلىرى تېگىدىكى ۋاپادارلىقى، يۇمشاق، تۈز كۆڭۈللۈكلۈكى، مېھرىبانلىقى ۋە ئۆز ئائىلىسى ئۈچۈن ھەممىشە ئوتتەك كۆيۈپ تۇرىدىغان جانبازلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ گاھى چاغلاردىكى قوپال سىلكىشلىرى، ۋارقىراشلىرى، ھەتتا ئۆزىنى تۇتالماي سېلىپ قويغان بىر ئىككى تەستەكلىرىمۇ بىلىنمەيدۇ. كېيىن مۇھىمى قۇربانىنى ئۇ ئاددىي ئەر سۈپىتىدىلا ئەمەس ئۆزى ئۈچۈن ئۇستاز؛ ئۆزىنىڭ بەختى ۋە ھاياتلىق ئۈمىدىنى كېلىچەكنىڭ نۇرلۇق مەنزىلىگە ئېرىشتۈرگۈچى سۇنماس قانات سۈپىتىدە چۈشىنىدۇ.

— كىلوسىنى نەچچە يۈەندىن ئالدىڭىز؟ — دېدى مەستۇرە پەشتامىدىكى گۆشنى پەشخۇنغا قويۇۋېتىپ.

— ئۈزۈمنى يە، ساپىقىنى سورىما دەپتىكەن.

— ياق، ئەمدى دەيمىنا، ئەركىن بازارنىڭ گۆشىدۇ ھەر قاچان؟ يانچۇقىڭىزدا پۇل يوقتەك قىلىۋېدى، قەرز ئالدىڭىزمۇ؟

— قەلەم ھەققى ئالدىم، ھېلىقى ھېكايىنىڭ قەلەم ھەققى — قۇربان ئەلى يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ مەستۇرەگە ئۇزاتتى.

— «ئىمتىياز ۋە ھەقىقەت» ناملىق ھېكايىنىمۇ؟ — مەستۈرە پۇلنى ئېلىۋېتىپ كۆزلىرىنى تەشۋىش بىلەن قۇربانغا تىكتى، — ۋىدىيەي، بۈگۈن ھەممە يەردە مۇشۇ ھېكايىنىڭ ...

— بولدى، قوي، — دېدى قۇربان ئەلى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بىز بۇرۇنلا، ئۆيدە كۆڭۈلسىز ئىشلار توغرىلىق سۆزلىمەسلىككە كېلىشكەن ئىدۇققۇ، ئەندىشە قىلما، ئەكسىچە خۇشال بول.

بىر نەچچە كېچە كۆز يۇمماي يېزىپ چىققان ھېكايەمنىڭ بۈگۈن جەمئىيەتتىكى يامان سۈپەتلىك راك ھۈجەيرىلىرىنى ئۆرتەپ-كۆيدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئېرىڭنى تەبرىكلە، ئۇنى قۇچاقلا!

گۈگۈم چۈشكەن، ئەتراپ دىمىق، كەچكى تۇمان بىلەن قاپلانغانىدى. ھويلىدىكى تېرەكتە بەس-بەس بىلەن ۋىچىرلىشىۋاتقان ئاق قۇچقاچلار ئەمدى نەگىدۇر ئۇچۇپ غايىب بولۇشتى. كىشىنىڭ تاتلىق ئىشتىھاسىنى قوزغاپ، ئاشخانىدىكى گۆش سېلىنغان قازان پۇرۇقلاپ قايناشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا باللار كوچىدىن سەكرەپ چۇقۇرۇشۇپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە جوزا ئۈستىدە تۇرغان بىر باغلام پۇلنى كۆرۈپ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— ۋاي-ۋۇي، نېمە دېگەن جىق پۇل؟ — دېدى گۈلزار پۇلنىڭ ئۈستىنى ئاۋايلاپ سىلاپ بېقىپ.

— كىمنىڭ پۇلى بۇ دادا؟

— بىزنىڭ، ھەممىمىزنىڭ.

باللار جوزا ئەتراپىدا تەڭلا ۋارقىراشتى:

— ماڭا قەلەم ئۇچلىغۇچ ئېلىپ بېرەمسەن، دادا؟

— ماڭا تاپانچا ئېلىپ بەر.

— ماڭا بىڭگۈي ئېپبە.

— ئېلىپ بەرمەيچۇ، ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى قۇربان ئەلى ئۇلارنى ئەركىلىتىپ، — بۇرنۇڭلارغا نېمە پۇراۋاتىدۇ؟ گۆش، سەل تۇرۇپ گۆشمۇ يەيسىلەر تېخى!

— ياق، گۆشنى بىز يېمەيمىز، — دېدى گۈلزار.

— كىم يەيدۇ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى قۇربان ئەلى.

— سىزگە يېگۈزىمىز. ئاپام بىزگە گۆشنى داداڭلار يېسۇن، داداڭلارنىڭ خىزمىتى ئېغىر ھەم ئاغرىقچان دېگەن.

— ۋاي جېنىم ئاپئاق باللىرىم ... — قۇربان ئەلىنىڭ كۆڭلى ئېرىدىلىپ، باللىرىنى ئەكىلىتىپ سۆيدى، — شۇڭا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى گۆشنى ماڭا ئالداپ يېگۈزۈپ ئۆزەڭلەر تاماقنى قۇرۇق يەپتىكەنسىلەر - دە.

ئۇ چاغدا كۈتۈلمىگەندە لامپوچكا لاپ قىلىپ ئۆچتى. ئۆي ئىچى قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپ-قاراڭغۇچىلىققا چۆمدى.

ئۇلار ھويلىغا چىقىشتى.

— توك كەتكەنمۇ نېمە، — دېدى مەستۈرە تىتىلداپ.

— نەدىكىنى؟ — دېدى قۇربان پەرۋاسىز ھالدا، — ئەنە، ئاۋۇلارنىڭ دېرىزىسىگە قاراپ باقمامسەن، توكنى كېسىۋەتكەن گەپ.

مەستۈرە پەشتامىسىنى يەشتى.

— سايىم جۇيجاڭنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ، مەن چىقىپ باقاي، توكنى ئىشلەتسەك بىكارغا ئىشلەتمىدۇق، ھەر ئايدا بەش كويىنى نەق تۆلەۋاتىمىز.

— توختا، چىقما، چىققان بىلەنمۇ پايدىسىز. مېنىڭ ئۈستۈمدىكى پىتنە — ئىمزا پۈتۈن ناھىيىنى قاپلاپ كەتكەن بۇ چاغدا سايىم جۇيجاڭ بىزگە ئۆيىمىزدىن توك تارتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن قورقماي تۇرالامدۇ؟ بوپتۇ، كەل، ھويلىدىلا ئولتۇرايلى، ماناۋاي، ئاي يورۇقى، — قۇربان ئەلى دەرەخلەر ئارىسىدىن سۈتتەك ئاپئاق نۇرلىرىنى چېچىپ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان تولۇن ئايغا قارىدى، — مانا بۇ بىزنىڭ خىسلەتلىك چىرىقىمىز، قېنى ئايىنى كىم ئۆچۈرۈۋېتەلەيدۇ؟ ھېچكىم! ئۇنىڭ نۇرىنى ھېچكىم بىزدىن تارتىۋالالمايدۇ، داستىخاننى ئەپچىق مەستۈرە، مۇشۇ ئاي يورۇقىغا سال!

ھويلىدىكى كىگىز ئۈستىگە داستىخان سېلىنىپ، يوغان لېگەندە ھىل-ھىل پىشقان مېزىلىك قوي گۆشى كەلتۈرۈلدى، قۇربان يەنە ھاياجانلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— قېنى، ئېلىڭلار باللىرىم، تويۇپ-كېكىرىپ كەتكىچە يەڭلار، توختاڭلار، ئالدى بىلەن ئاپاڭلارنىڭ — مېھرىبان، جاپاكەش، ئاغرىقچان ئاپاڭلارنىڭ ئاغزىغا تىقىڭلار! مەن ھېكايە يازغان شۇ كېچىلەردە ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك ئاي-

لىنىپ خىزمىتىنى قىلغان ،ھەيبەللى،ئاپاگىلارنىڭ ئاغزىغا يەنە بىر تىلەكلار، غەيۇرەتخور، ھورۇن، ھارامتاماقلارلا سەمرىمىسۇن، ئاپاگىلارمۇ سەمرىسۇن!

تولۇنئاي-ئاقكۆككۆل، سۇنۇق دىللارنىڭ سىرىدىشى، ئۇ چاپسانلا كەڭ ساماغا كۆتۈرۈلۈپ، بۇ شاد-خۇراملىق كۆلكىسى قاپلىغان خىلۋەت ھويلىنى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتتى. ياز ئاخشىمىنىڭ ئىللىق سەلكىنى لىگەندىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان مىزىلىك گۆش پۇرىقىنى يىراق-يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى.

8

تۈن كېچە، شۇ تاپتائادەملەرمۇ ،يەرمۇ،دەل-دەرەخلەرمۇ ئۇخلاپ قېلىشقان. پەقەت كامال شۇجىلا ئۇيقىدىن بىدار. ئۇ، شۇتاپتا قەلبىدىكى ئۈمىد، ئارزۇ، قايغۇ- ھەسرەت ۋە خۇشاللىقلىرىنىڭ گىرەلىشىپ ،شىددەتلىك دېڭىزدولقۇنلىرىدەك ھەيۋەت گۈرۈلدەشلىرىدىن ئارامسىزلانغان.ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئويلانماسلىقى، باش قاتۇرماسلىقى ھەددى ئەمەس،بۇرۇن ئۇنىڭ ئويلىرى،قايغۇلىرى بار ئىدى. ئەمما غەم- ئەندىشىلەردىن خالى ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئوي-خىيالى ھەسسىلەپ ئاشتى. 300 نەچچە مىڭ ئاھالىگە ئىگە بۇ چوڭ ناھىيىنىڭ باشىنىڭ چېچىدەك تولا ھەممۇرەككەپ ئىشلىرى ئۇنىڭ ئۇيقىسىنى قاچۇردى. ئىشتىھاسىنى بوغدى. تاقىر بېشى تېخىمۇ تاقىرلىشىپ گەدىنىدىلا قالغان ئازراق شالاڭ چېچى يەنە چۇشۇشكە باشلىدى. ئۇ، بۇ ناھىيىگە يۆتكىلىپ كەلگەن ئۈچ ئايدىن بېرى ئەركىن-ئازادە يېشىنىپ قانغىچە ئۇخلاپ باققان بىرەر كېچە يوق. ئۇ، ناھىيىنىڭ زاۋۇت،كانلىرىنى،يېزا، مەھەللىلىرىنى، تاغدىكى ئوتلاق، تارىم ۋادىسىدىكى بىنەم- بوز لۇقلارنى ئارىلاپ كەلگىچە يېقىندىلا سېتىۋېلىپ كىيگەن قارا خۇرۇم شىبلىتى توغراق قوۋزىقىدەك ئاقىرىپ، چەممۇ تىشىلىپ كېتىپتۇ.ئۇ پىيادە يولنى كۆپ ماڭغانمۇ ياكى شىبلىتىنىڭ سۈپەتى ناچارمۇ، بۇنى ئۇ ئويلاپ باققىنى يوق، ئويلاندۇرغىنى ناھىيىنىڭ تاغدەك دۆۋىلىشىپ كەتكەن تالاي ئىشلىرى....

ئۇ تۈنۈگۈن پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئاچقاندا بۇرۇن ھېچقاچان ئاڭلاپ، يولۇقتۇرۇپ باقمىغان يېڭى بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدى. مانا، ئۇنىڭ ئالدىدا قۇربان ئەلىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان شېئىر،ھېكايىلىرى بىلەن تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئومۇمىي ئوتتۇرۇش ئىمزىسى. كامال شۇجى ئۇلارنى كەچتە ئۆيگە كېلىپلا ئوقۇغىلى تۇرۇۋېدى، تېخى ھېلىلا ئوقۇپ تۈگەتتى. كېرىم بۇجاڭنىڭ ئوغىسىنى قايناتقان «ئىمتىياز ۋە ھەقىقەت» ناملىق ھېكايىنى مانا، ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئوقۇشى! بۇنى ئۇ بۇرۇن ئوقۇغاندا كۆڭلى ئوسال بولۇپ، كۆزياشلىرىنى ئاران-ئاران توختىتىپ قالالىغان. يىغىن ئۈستىدە ئۇنى چالا - پۇلىلا ئوقىدى. بايا ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم ئوقۇغاندا، يۈرەك قانلىرى ئازاب ۋە ھاياجان بىلەن دولقۇنلىنىپ ،پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تەر باستى، يۈزى قىزاردى، بېشى ساڭگىلىدى.

ھېكايىدە مۇنداق بىر جىددىي ۋەقە — مەلۇم ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ناھىيىگە سۇ ئامبىرى ياساشتا سۇ قۇرۇلۇشى ئىنژېنېرىنىڭ قايتا-قايتا پىكرى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي،قولىدىكى ھوقۇقىغا تايىنىپ سۇ ئامبىرى ئورنىنى خاتا بېكىتكەنلىكتىن، سۇ ئامبىرى پۈتكەندىن كېيىن، ئامبارنىڭ ئايىقىدىكى ئەسلىدىنلا يەرلىرى زەي،شورلۇق ئىككى يېزىنىڭ نەچچە مىڭ مو تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ تېخىمۇ ئېغىر زەي شور ئاپىتىگە ئۇچراپ، بۇ يەردىكى دېھقانلار يەرلىرىنى تېرىشقا ئامالسىز قالغانلىقتىن ،ئۆي-ماكانلىرىنى تاشلاپ چەت جايلارغا سەرسان-سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەنلىكى يېزىلغان.

بۇ نەقەدەر كەسكىن قويۇلغان زور سىياسىي مەسىلە - ھە؟ خەلقنى زار-زار قاخشىتىدىغان رەھبەرنى كادىرلار بۈگۈنمۇ جۇڭگودا ھېلىمۇ ئازمۇ؟ مانا، ئۇنىڭ ئالدىدا قۇربان ئەلىنىڭ «قۇياش ۋە ئادەم» ناملىق شېئىرى؛ ئۇنىڭدا مەلۇم بىر سوت خادىمىنىڭ جاھاننى زۇلمەت ۋەفاشىستىك دىكتاتۇرا قاپلىغان ئەشۇ يىللاردا بەھۇدە تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان پاك، گۇناھسىز كىشىلەرنى ئىلاجىسىز سوراق

قىلمىشقا مەجبۇر بولغان چاغدىكى ئازابلىق روھى كەچۈرمىشى تولىمۇ تەسىرلىك بايان قىلىنغانىدى:



«..............................
ئۇجۇدۇن يىللىرى سوتخانا ئىچرە —
باغلاقلىق كۆرگەنمەن سىنى قانچە رەت.
سەن ئېيتقان يالغۇنلۇق «گۇناھەلىق سۆزلەر —
تۆپەيلى كۆپەيگەن ئازغىنىمدا بەت.
باغلاقلىق كۆرگەنمەن سىنى قانچە رەت.

قولۇڭغا ئۇزاتقان چېغىمدا ھۆكۈم،
لىۋىڭدە كۆرۈنگەن مەسخىرە — كۈلكە.
شۇ مەھەل ئىززىتىم بولۇپ كۆمپەيكۈم،
ماڭدۇرغان مەن سىنى يىراق بىر چۆلگە.
لىۋىڭدە كۆرۈنگەن مەسخىرە — كۈلكە.

مەن سىنى جازالاپ تاپىمىدىم ھۇزۇر،
قىيىندى قەلبىمنى ۋىجدان ئازابى.
شۇتاپتا ھۆكۈمدە سەن كۆرگەن ھەرقۇر،
دەل مېنى قىلماقتا ئەلگە سازايى.
قىيىندى قەلبىمنى ۋىجدان ئازابى.
..............................»①

ئاھ، نەقەدەر، يۈرەككە تېگىدەك سانجىلىدىغان مىسرالار؟!! كامال شۇجى ئەشۇ مىسرالارنى ئوقۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ بىر چاغلاردىكى خۇددى مۇشۇ شېئىردىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆلۈمدىن ئېغىر ئازابلىق كۈنلىرىنى ئەسكە ئالدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، ئاخىرىدا بولالمىدى! كىچىك بالىدەك ھېقىقىداپ يىغلىۋەتتى!

راست، بىر چاغلاردا ئۇمۇ سوتچى بولغان، ئۆز ۋىجدانىغا، ئىرادىسىگە ۋە ئېتىقادىغا خىلاپ ھالدا تالاي گۇناھسىز كىشىلەرنى سوراق قىلغانىدى، ياق، چىن مەنا بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلارنى سوراق قىلمىغان، ئۇلار تەرىپىدىن سوراق قىلىنغان! ئۇلار تارىخ ۋە ھەقىقەتنىڭ غالىب . وراقچىلىرىغا ئايلىنىپ، ئۆزى گەرچە سوت مۇنبىرىدە ئولتۇرسىمۇ، ئەشۇلارنىڭ ئالدىدا گۇناھى چېكىدىن ئاشقان پاسىق جىنايەتچىدەك لاغىلداپ تىترىگەن!

سىرتتا نېمىنىڭدۇر شىپىرلىغان، كىمنىڭدۇر بوغۇلۇپ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. كامال شۇجى ئېغىر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىتتىك دېرىزىگە قارىدى، ئۇھ، تاڭ يورۇپ كېتىپتۇ! مانا، ھاياتنىڭ ئالدىراش، تىنىمسىز قەدەملىرى تاشلىنىدىغان يېڭى تاڭ! ئۇ تالاغا چىقتى، تاڭنىڭ تېخى تامام ئاقىرىپ كەتمىگەن غۇۋا يورۇقىدا ناتونۇش بىر كىشى قەدىمىنى ئاۋايلاپ دەسسەپ، ھويلىنى يېنىك سۈپۈرۈۋاتاتتى. نامەلۇم كىشى ئىشىكنىڭ ئېچىلغىنىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ بېشىنى كۆتەردى، دوسكىغا چىققان دۆت ئوقۇغۇچىدەك تېنەپ — تەمتىرەپ، كامال شۇجىغا قاراپ خىجىللىق بىلەن ھىجايدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم... كا شۇجى... سىلىنى ئويغىتىۋېتىپ قالدىم ئەستا... يادىمدا يوق يۆتۈلۈپ سېلىپ...

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىلا؟

— ھى... ھى... خىزمەت قىلىپ...

— ئۆزلىرى تازىلىق ئىدارىسىدىنمۇ؟

— ياق، ياق... پارتكومنىڭ ئىشچىسىمەن، بارات ساقال دېسە پارتكوم بىلەن ھاكىم ئىدارىسىدا مېنى تونۇمايدىغان ئادەم يوق.

① شائىر ئىمىن ئەخمىدىنىڭ «قۇياش ۋە مەن» ناملىق شېئىرىدىن.

www.uyghurkitap.com

— ھە ... ئەتىگەندە مەن بىلەن تونۇشۇپ قالاي دەپ كەلگەنمۇ؟

بارات ساقال كامال شۇجىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن بىردىنلا تەمتىرەپ قالدى.

— ھە ... ھە ... ئۇمۇ بار... مەن ھەر كۈنى سەھەردە رەھبەرلەرنىڭ ھويلا - ئارامىنى تازىلايمەن، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىمەن.

— بۇ ئىشقا سىلىنى كىم بەلگىلىگەن؟— كامال شۇجىنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى.

—با ... باشلىقلار... رەھبەرلەر شۇنداق دېگەن.

— قايسى رەھبەر؟

— قايسى ... — بارات ساقال قورققىنىدىن كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى، — ھە... ھە... ھېلىقى كۆزەينەكلىك چىكچۇرىن.

— پارتكومنىڭ ئىشچىسى ئىكەنلا - يۇ، بېرىپ ئۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى قىلماي، شەخسنىڭ خىزمىتىنى قىلاملا؟ ئىشخانىنىڭ ئارقىسىدىكى باغ ئەخلەت - چاۋاغا توشۇپتۇ، مېۋىلىك دەرەخلەر ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ ئۆلگىلى تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى كىمگە ئارتىش كېرەك، ئەلۋەتتە سىلىگە. بېرىپ چىكچۇرىنگە ئېيتسىلا، ئەگەر ھازىردىن باشلاپ ئۆز ئىشلىرىنى تاپىماي، يەنە باشلىقلارنىڭ ئىشىكىدە تىمىسقىلاپ يۈرۈدىغان بولسىلا... ئوچۇق ئېيتاي: ئايلىق مائاشلىرىنى توختىتىمەن!

— گۇناھ مەندە كا شۇجى ... — بارات ساقالنىڭ ئاۋازى تىترەپ، چانىقىغا ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدە يېلىنىش ۋە بىچارىلىق ئەكس ئەتتى، — چىكچۇرىن شۇنداق دېگەندىن كېيىن قىپتىمەن دېسىلە بۇ ئىشنى، ئوبدان دېدىلە، ناۋاتتەك گەپ قىلدىلا، مەن ھازىرلا... ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا باغقا باراي، — بارات ساقال ئالدىراپ سۈپۈرگىنى ببۆرەپ، چىلىكىنى تاراڭشىتقىنىچە شۇئان ھويلىدىن غايىب بولدى.

«گۇناھ ... — كامال شۇجى ئاچچىق مەسخىرە بىلەن كۈلدى، — بۇ ئىشتىكى گۇناھ ئەسلىدە كىمدە؟ ئەلۋەتتە باشقىلارنى قۇلدەك ئىشلىتىپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەملەردە - دە! ئەمما بۇ گۇناھنى يەنە ئەشۇ بىچارە پۇقرا ئۆز گەدىنىگە ئېلىشقا مەجبۇر...»

كامال شۇجى يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ ئادىتى بويىچە بىر سائەتچە ھۆججەت - ماتېرىياللارنى كۆرۈش بىلەن بولدى. ئاندىن كېيىن ئازراق ناندا ناشتا قىلىپ، پارتكومغا ۋېلسىپىتلىق يۈرۈپ كەتتى. بۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئادىتى. ئۇ ھەمىشە سىرتتا ئۆزى يالغۇز پىيادە ياكى ۋېلسىپىتلىك ئايلىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىۋېلىشى، مۇھاكىمە قىلىشى ۋە بىر قارارغا كېلىۋېلىشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت! ئۇ، بۇ ناھىيىگە كەلگەندىن كېيىن بىر نەچچە شۇجى ۋە ھاكىملارنىڭ جۇيجاڭ، بۇجاڭ... دېگەنلەرنىڭ ئۆيىدىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان تەكلىپ باغاقلىرى، پۈتۈن - پۈتۈن كېچە داۋاملىشىدىغان ئولتۇرۇش - كۆڭۈل ئېچىشلار، مېھماندارچىلىقلار ئۇنىڭ جېنىغا تەگكەنىدى. ئۇ دەسلەپتە ئۆزىنىڭ بۇ ناھىيىگە يېڭىلىقى ۋە بۇ يەردىكى قائىدە - يوسۇنلارنىڭ مەجبۇرىيىتى تۈپەيلىدىن ئەشۇنداق سورۇنلارغا بېرىشقا مەجبۇر بولغان، ئەمدى ئۇنىڭدىن بەزدى، ئۆزى ئۈچۈن ئوقۇلۇۋاتقان مەدھىيە، ماختاشلاردىن، خۇشامەت ۋە كۆپتۈرۈپ ئاسمانغا ئۇچۇرۇشلاردىن، نەگىلا بارسا ئەشۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ قارا چۈمۈلىدەك ئارىغا ئېلىۋېلىشلىرىدىن جاق تويدى. ئۇ يالغۇزلۇقنى، ئەركىن - ئازادىلىقنى خالاپ قالدى. ئۇ گاھىدا شۇنداقمۇ ئويلايتتى: «دۇنيادا ئاددىي پۇقرالىق سۈپىتىدە ياشاش قانداق ياخشى!؟»

كامال شۇجىغا تەقسىم قىلىنغان ئۆي — پارتكومدىن بىر كىلومېتىرچە يىراقلىقتا بۈك - باراخسانلىق باغ ئارىسىغا ناھىيىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى قول باشلىقلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ياسىتىلغان ھەر بىرى 150 كۋادرات مېتىرلىق ئالاھىدە ئۆيلەردىن ئىدى. كامال شۇجى ئۆزىنىڭ تىككەندەك يالغۇز بىر جېنى بىلەن بۇ ھەشەمەتلىك ئازادە ئۆيدە لەيلەپ

قالغانىدەك، كىچىك بېشىغا يوغان تەلپەك كىيـ
گەندەك ئارامسىزلاندى. ئۆيدە يالغۇز، غېرىپـ
سىنىپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، سىرتتا ئەنە شۇنـ
داق ئايلىنىش ئۇنىڭ ئۈچۈن لەززەت ۋە ئا-
راملىق ئىدى. راست، سالقىن ئەتىگەن، ساپ
ھاۋا... تەبىئەتنىڭ مۇنداق ئارامبەخش دەملىـ
رىدە ئەشۇ بىر كىلومېتىر يولنى يالغۇز تاماشا
قىلىش بەك ياخشى!

كامال شۇجى ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلـ
گەندە، ئىشقا چۈشۈشكە يەنە بەش مىنۇت
ۋاقىت قالغانىدى. ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ
دېرىزىلەرنى ئاچتى ۋە جوزىلارنى سۈرتۈشكە
باشلىدى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىـ
لىپ، چىرايـى - تۇرقىدىن ئۆزىنىڭ ئەڭ چەت
يېزىلىق دېھقان ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان
60 ياشلاردىكى بىر ئادەم شۇجىنىڭ ئىجازـ
تىنى كۈتمەستىنلا ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇكام!

كامال شۇجى چاچ - ساقاللىرى ئۈچەتەك
ئاقارغان، گۆشلۈك يۈزى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارا
چۈچۈلمەك بولۇپ قالغان، بېشىدىكى بادام
دوپپىسى ۋە ئۇستىدىكى كۆينىكى تەردىن
سارغىيىپ كەتكەن ئوتتۇرا بوي، بەستلىك بۇ
ئادەمگە سىنچى كۆزلىرى بىلەن بىر سىكۇنتچە
قاراپ قالدى-دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۇھەممەد ھاكىم!—
ئۇ ھاكىمنىڭ جىگدە قوۋزىقىدەك يېرىكلىشىپ،
تارشىدەك قاتقان گۆشلۈك قوللىرىنى ئىككى
قوللاپ سىقتى،— قانداق تىنىچ تۇردىلىمۇ؟
مۇبارەك قەدەملىرى يېنىپتۇ، پايانداز سالايمۇ
يوللىرىغا؟

— پايانداز سالمىسىڭىزمۇ جاۋاب سالىمىـ
ڭىز شۇنىڭغا تېگىل بولدى ئۇكام،— دېدى
ھاكىم مەنىلىك كۈلۈپ،— قانداق، بىزنىڭ
بۇ ناھىيىگە ئۆگىنىپ ئالالىدىغاندەك تۇرامسىز؟
كۆرگەنسىز، يوللىرى توپا، يېرى زەي، سۈيى
تۇزلۇق. ...

— ئۆگەنمەيدىغان نېمىسى بار؟ قېنى ئولـ
تۇرسىلا،— كامال شۇجى جوزا يېنىدىكى يالغۇز
كىشىلىك دىۋاننى كۆرسىتىپ دېدى،— سىلە
ئەشۇ قاقاس - قۇملۇق چۆللەرگە كۆنۈپ قالغان
يەردە، مېنىڭ بۇ يەرگە كۆنەلمەيدىغان ھەددىم يوق.

— ئۇنداق دېمەڭ،— مۇھەممەد ھاكىم دى-
ۋانغا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇزۇن يىللىق رەھبەرگە
خاس سۇرلۇك تەلەپپۇز بىلەن داۋام قىلدى،—
كۆنۈپ قالسىڭىزلا چاتاق. سىز دېگەن ياش
رەھبەر، توپىلىق يوللارنى، زەيلىكلەرنى،
تۇزلۇق سۇلارنى ئۆزگەرتىشكە باشلامچىلىق
قىلىشىڭىز كېرەك-تە!

كامال شۇجى ئۆزىنىڭ دېگىنى ئۈچۈن
خىجىل بولۇپ قالدى. مۇھەممەد ھاكىم ئۇنىڭ
سۆزلىرىگە سىياسىي مەزمۇن جەھەتتىن باش-
قىچە تەبىر بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ
سۆزلىرىدە بىر پېشقەدەم رەھبەرنىڭ ئۆز
ھاياتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق بوران - چاپقۇنلى-
رىدا تاۋلاپ چىققان جۇشقۇن ئىرادىسى،
قەتئىيلىكى ۋە ئۆزىگە خاس تەرسالىقى ئەكس
ئېتىپ تۇراتتى.

ئۇ، بۇ پېشقەدەم ھاكىمنىڭ فامىلىسىنىڭ
نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، گەرچە ئۇ، بۇ
يىل ئەتىيازدا پېنسىيىگە چىقىپ ئاللىقاچان
بۇ ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىدىن قالغان بولسىمۇ،
ناھىيە خەلقىنىڭ ئۇنى ھېلىھەم «مۇھەممەد
ھاكىم» دەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان.
ئۇلارنىڭ ئەشۇنداق ئاتاشلىرى بىر خىل تىل
ئادىتىنىڭ مەجبۇرلىشىدىن ئەمەس، بەلكى
ئۆزىنىڭ بۇ پېشقەدەم رەھبەرگە بولغان چەك-
سىز ھۆرمىتى ۋە ئېتىقادىنىڭ ئىپادىسى ئىكەن-
لىكىنى ھېس قىلغان. ئۇ، مۇھەممەد ھاكىم
بىلەن كۆپ ئەسراتۇ بولمىغان، ئۇنىڭ ئۇزا-
قى يىلى ۋىلايەتتە ئېچىلغان ئۈچ دەرىجىلىك
كادىرلار يىغىنىدا ئازراق تونۇشۇپ قالغى-
نىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت
بۈگۈنلا كۆرۈشۈپ سالام - سائەت قىلىشىشى
ئىدى. ئەمما ئۇ، بۇ پېشقەدەم ھاكىمنىڭ
ئۇزۇن يىللىق شانلىق خىزمەت تارىخىدىن
نۇرغۇن ئىشلارنى بىلەتتى. ئۇ 1950- يىلىدىن
تاكى بۇ يىل ئەتىيازغىچە مۇشۇ ناھىيىگە
ھاكىم بولۇپ كەلگەن. 30 نەچچە يىل، بىر

www.uyghurkitap.com

ئەرنىڭ يېرىم ئۆمرى! بۇ ئەلۋەتتە بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئاز ۋاقىت ئەمەس. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەشۇ 30 نەچچە يىللىق ئۆمرىنى مۇشۇ ناھىيىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئاتىغان، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن يىغلىغان! ئۇلار ئۈچۈن كۈلگەن! ئېسىت، مۇشۇنداق ئىنساننىڭ قېرىلىق يېتىپ سەپتىن چېكىنىشى بەك ئېچىنارلىق! ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەشۇ تۆھپىلىرى بەدىلىگە ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى ناھىيىدە راھەت - پاراغەتتە ئۆتكۈزسە، خەلق يەنىلا شۇ ئىشتىن خۇشال ئىدى، كۆڭلى ئىمىن تاپاتتى. ئەمما بۇ تەرسا بوۋاي پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن باشقىچە يول تۇتتى: ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئاۋات يۇرتى — كېيىن زەي، شور ئاپىتىدىن خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن قۇمئېرىق كەنتىگە كۆچۈپ بېرىپ، بۇرۇن يىغىپ تويغان ۋە ھۆكۈمەتتىن ماكانلىشىش ھەققى ئۈچۈن بېرىلگەن 20 نەچچە مىڭ يۈەن پۇلىنى مۇشۇ كەنتنى باشقىدىن گۈللەندۈرۈشكە — زەيلىك چېپىپ، ئورمان ئەھيا قىلىشقا سەرپ قىلدى.

كامال شۇجى ئۆتكەن ئايدا خىزمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ، بۇ كەنتكە بارغاندا، مۇھەممەد ھاكىمنىڭ دالالىتى بىلەن، قېچىپ كەتكەن جايلىرىدىن بىر - بىرلەپ قايتىپ كەلگەن قۇمئېرىقلىقلار كەنت سىرتىدا ئالدىراش زەيلىك چېپىشىۋاتاتتى، مۇھەممەد ھاكىم ئۆزى پۇل خەجلەپ بىنا قىلغان يېڭى باغنىڭ كۆچەتلىرى ۋە ئىھاتە ئورمانلىرى بۇ قاقاس شورلۇقنىڭ كەلگۈسىدىكى گۈزەل مەنزىرىسىدىن بەلگە بېرىپ، بۈك - باراخسان بولۇپ ئۆسكەنىدى. مانا بۇ، بىر خىسلەتلىك ئىنساننىڭ ھىممىتىدىن ئويغانغان زېمىن! مانا بۇ، بىر ھەقىقىي كوممۇنىستنىڭ ھايات يولى!

كامال شۇجىنىڭ نېمىشقىدۇر شۇ كۈنى كېلىدىن تاماق ئۆتمىدى، زەيلىكلەرنى، تۇزلۇق سۇلارنى كەچتى، كۆچەت ئارىلىرىنى، توغراق، جىگدىلىكلەرنى ئارىلىدى. ئۇ بىر كىشىنى — مۇشۇ ناھىيە خەلقىنىڭ دەرد - كۈلپىتى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتقان ئەشۇ پېشقەدەم ھاكىمنى ئىزلىدى. ئۇ ھاكىمنى تاپسا، ئۇنىڭ بىلەن قانغىچە ھال - مۇڭ بولسا، ناھىيىنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىنى قانداق ئىشلەش توغرىسىدا دولىيورۇق ئالسا!... ئەمما ھاكىم شۇ كۈنلەردە تارىم دەرياسىدىن قۇمئېرىققا قانداق سۇ باشلاپ كېلىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ، بىر نەچچە پېشقەدەم دېھقاننى باشلاپ، يەر شارائىتى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن قۇملۇق دەشتى - چۆلگە كىرىپ كەتكەنىدى.

مانا بۈگۈن ھاكىمنىڭ دەل ئېھتىياجلىق بىر پەيتتە كەلگىنىنى! شۇڭا كامال شۇجى ئۇنىڭغا ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشقا ئالدىرىدى.

— توغرا ئېيتتىلا، مەندىمۇ شۇنداق ئىرادە بار، ئەمما تەجرىبەم كەم، شۇڭا سىلىنى ئۆزەمگە ئۇستاز تۇتقۇم بار، — دېدى.

— ئەقىل ئۆگەت دېمەكچىمۇ سىز؟ — سورىدى ھاكىم بىر خىل ئىپادىسىز قاراش بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ.

— ئەلۋەتتە. مانا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بولسا تېخىمۇ ياخشى.

— ياق - ياق، مەندە ئۇنداق سالاھىيەت نېمىش قىلسۇن، بىراق ئۇكام مەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا باشقا بىر ئىش بىلەن كەلدىم. مەن ئەسلىدە تونۇگۈن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى ئىدارىسىغا ئۇستەڭ چېپىش ماشىنىسىدىن بىرەرنى سېتىۋالغىلى بولارمىكىن، ئۇقۇشۇپ باقاي دەپ كېلىۋىدىم.

— قانداق، ھەل قىلالىدىلىمۇ؟

— بولدى، بۇ ئىشقا سىز باش قاتۇرۇپ يۈرمەڭ، — مۇھەممەد ھاكىمنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى، — پەقەت سىزگە ئالاقىدار ئىش توغرىلىقلا سۆزلىشەيلى. مەن بۈگۈن ھۆرمەتسىزلىك بولسىمۇ سىزگە قورسىقىمدىكىنى ئوچۇقلا ئېيتاي. مېنىڭ بۇرۇنقىدەك گەپ - سۆزلەرنى ئېھتىيات بىلەن قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان ھاكىملىق ئەمەلىممۇ يوق.

ھازىر ئاددىيلا بىر دېھقانمەن، خالاس. لېكىن ئۇزۇن يىللىق پارتىيە ئەزاسىمەن، پارتىيە شەنىگە داغ يېتىدىغان ناھەق ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىمەي تۇرالمايمەن. سىلەر ياشلار يالغان ئىشلارغىمۇ ئاسان ئىشىنىسىلەر، بىز قېرىلار راست ئىشلارغىمۇ گۇمان بىلەن قارايمىز. مېنىڭ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا زوكۇنلىشىش ئۈچۈن كىرىشىمگە سەۋەبچى بولغان ئىشنىڭ تۈگۈنىمۇ بەلكى مەشەدىدۇر.

كامال شۈجى بىر خىل ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش ھېسسىياتى بىلەن كۈلدى.

— ياقەي، ئارىمىزدا نەدىمۇ زوكۇنلىشىشقا سەۋەب بولغىدەك ئىش بولسۇن؟— دېدى ئۇ خۇشپېئىللىق بىلەن.

— بارىدەك قىلىدۇ...— ھاكىم زەردە بىلەن دىۋانىنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلەندى،— مەن ئاخشام بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ كېچىچە ئۇخلىماي چىقتىم ئۇكام. شۇڭا ئەتىگەندىلا قېشىڭىزغا كېلىشىم. ئاڭلىسام سىز قۇربان ئەلىنى جازالىماقچى بولۇۋاتقانمىشسىز، سىز راستىنلا ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلماقچىمۇ، شۈجى ئۇكام؟

كامال شۈجىنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى.

— سىلى بۇ يوق گەپنى نەدىن ئاڭلىدىلا؟ مەن قۇربان ئەلىنى نېمىشقا جازالىغىدەكمەن، نېمىشقا؟

— بۇ سوئالغا جاۋابنى ئۆزىڭىز بېرىڭ.

— تۈنۈگۈن ئېچىلغان ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا يولداش قۇربان ئەلىنىڭ «ئىمتىياز ۋە ھەقىقەت» ناملىق ھېكايىسى توغرىسىدا ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى ئۇنى ناھىيىلىك پارتكومغا، پارتكوم شۈجىسىغا مەقسەتلىك ھالدا زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلىنغان ھۇجۇم، دەپ ئىنكاس قىلغانىدى، مەن ھېكايىنى نەق مەيداندىلا ئوقۇپ چىقىپ تەشۋىقات بۆلۈم بۇجاڭىنىڭ دۈت- بىلىمسىزلىكى ۋە ئىچى قارىلىقى ئۈچۈن غەزەپ- نەپرىتىمنى تەستە بېسىپ ئولتۇردۇم. نېمە ئىلاج، يىغىن ئۈستىدە ئۇنىڭغا ئوچۇق- ئاشكارا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ- دە، تۈنۈگۈن كەچتە قۇربان ئەلىنىڭ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغدۇرۇپ ئەكېلىپ يېرىم كېچىگىچە ئوقۇپ چىقتىم. سىلىگە نېمە دېسەم بولار مۇھەممەد ھاكىم؟ يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتسام، بىزنىڭ بۇ ناھىيىمىزدە قۇربان ئەلىدەك ياراملىق بىر يازغۇچىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلەندىم، ھازىرقى ئىسلاھات ۋە كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىز ئۈچۈن خەلقنىڭ ھەقىقىي قەلب ساداسىنى پارتىيىگە يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئەشۇنداق راستچىل، دادىل ۋە ساپ ۋىجدانلىق كىشىلەر بىزگە لازىم.

— بۇ سۆزىڭىز يالغان ئەمەستۇ ئۇكام- ھە؟— دېدى ھاكىم ھاياجانلىنىپ،— سىز قۇربان ئەلى توغرىلىق ئەشۇنداق ئويلىغان بولسىڭىزلا بولدى! خاتىرجەم ئىشىكىمگە مېنىپ كېتىۋېرىمەن. ئەمما بىر ئىشنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، قۇربان ئەلى مانا مېنىڭ ئالدىمدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. ئۇ بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، كېيىن سەنئەت ئۆمىكىگە ئىجادىيەتچىلىككە يۆتكەپ كېلىنگەن... ئۇ، نەدىلا ئىشلىمىسۇن خىزمەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتتى. لېكىن ئۇ خىزمەتتىكى ئەشۇ نەتىجىلىرى ئۈچۈن ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ ماختىلىپ، تەقدىرلىنىپ باقمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇتۇقىنى خاتالىقى بېسىپ كەتتى. ئۇنىڭ خاتالىقى نېمە؟ ئۇنىڭ راستچىل، دادىللىقى، خىزمەتتىكى تەلەپچان ۋە ئىجادكارلىقى! مەن بۇرۇن ھەر قېتىم ئۇنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى سۈرۈشتۈرگىنىمدە باشقىلار ئۇنى «سۆزمەن، ھاكاۋۇر، ئۇرۇشقاق...» دەپ بىر تالاي ئەيىبلىرىنى ساناشقا باشلايتتى. ئۇلار تېخى ئۇنىڭ ئەشۇ «ئەيىب» لىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «كىرپە» دەپ لەقەم قويۇشقان، ھىم! نېمە دېگەن تېتىقسىز لەقەم- ھە؟ ئېھتى-

مال، قۇربان ئەلىنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئۇلار ئۈچۈن بىمەنە بولۇپ تۇيۇلسا كېرەك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار قۇربان ئەلىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى نەزەردىكى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى سۆزمەنلىك، خىزمەتتىكى دادىل ۋە پرىنسىپچانلىقىنى ھاكاۋۇرلۇق، ھەق- ناھەق ئالدىدىكى قەتئىيلىكىنى ئۇرۇشقاقلىق دەپ چۈشەنگەن.

ھەيرانمەن ئۇكام، بۈگۈنكى كۈندە نېمە ئۈچۈن پىتنە- ئىغۋاچى، يالغانچى، خۇشامەتچىلەر، ھورۇن، بىلىمسىزلەر ئەزىزلىنىپ، ئاق-كۆڭۈل، راستچىل، ئىقتىدارلىق ۋە جاسارەتلىك كىشىلەر تۆھمەت، ھاقارەتكە ئۇچرايدىغاندۇ؟ راست گەپنى ئېيتسام ئۇكام، قۇربان ئەلىمۇ غەلىتە مىجەزلىك، بويىنى قاتتىق ئادەم، ئۇ ئەزەلدىن ناھىيە رەھبەرلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ باقمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ خېلى يىللاردىن بېرى تېمىنىڭ مىك يېرىدىن بوران ئۆتۈپ تۇرىدىغان بىر تاشلاندۇق كەپىدە ياشاپ كېلىۋاتقىنىنى بىلمەيدۇ. ئۆزى ئەشۇنداق تاشلاندۇق كەپىدە، خانىۋەيرانچىلىق ئىچىدە ياشاپ يۈرۈپ يەنە پۈتۈن ناھىيە خەلقىنىڭ ئېھتىياجىدىن يۈرەكنى سەككىز پارە بولۇپ يۈرگەن ئاددىي بىر خىزمەتچىنى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ ئەجەبا، ئۇنىڭدىكى ئەشۇ قىممەتلىك روھنى قەدىرلەشكە، مەدھىيىلەشكە ئەرزىمەسمۇ؟ گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، ناھىيىمىزدە ھازىر بىز بۇرۇن ياراتقان ئىنقىلابىي ئەنئەنە كارغا يارىماس بولۇپ قالدى. رەھبىرىي كادىرلار قول ئاستىدىكىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇنىڭ بىلىم قابىلىيىتىنى، خىزمەت ئىقتىدارىنى ۋە ئەخلاق- پەزىلىتىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمىدىغان- چىقمايدىغانلىقىنى ئۆلچەم قىلىشقا ئادەتلەنگەن، سىز ئۇنداق قىلماڭ، باشقىچە يول تۇتۇڭ ئۇكام!

مۇھەممەد ھاكىم كامال شۇجىنىڭ قانچە تۇتقىنىغا قارىماي ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى ئىدارىسىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خۇشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

## جۇگېلياڭنىڭ ئادەم ئىشلىتىشكە دائىر يەتتە تۈرلۈك ئۇسۇلى

1. قارىمۇ- قارشى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە قاراش؛

2. بىرەر مەسىلە ئۈستىدە تەكرار - تەكرار تالاش - تارتىش قىلىپ، ئۇنىڭ ناتىقلىق قابىلىيىتى ۋە پەم - پاراسىتىنىڭ بار- يوقلۇقىغا قاراش؛

3. پەم - پاراسەت كۆرسىتىشنى ئىلتىجا قىلىپ ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەش ۋە مەسىلىنى تەھلىل قىلىش قابىلىيىتىنىڭ قانچىلىكلىكىگە قاراش؛

4. يېتىپ كەلگۈسى ۋە بولغۇسى خېيىم - خەتەردىن خەۋەرلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ باتۇرلۇق ۋە پىداكارلىق روھىنى سىناپ بېقىش؛

5. ھاراق - شاراپ ۋە نازۇ - نېمەتلەر ئېلىپ - تېلىپ تۇرغان سورۇندا، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش- تۇتۇۋالماسلىقىغا قاراش؛

6. ئاسان نەپ يېگىلى بولىدىغان ئىشلارغا قويۇپ، پاكلىقى ۋە ئادىللىقىنى سىناش؛

7. مەلۇم بىر ئىش تاپشۇرۇلغاندا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش- قىلماسلىقىغا قاراش؛

# شېئىرلار

## ئىلىم — ئۇ، دىللارغا نۇر چاچقان قۇياش

باتۇر روزى

قاغىلىق ناھىيە XX يېزىسىدىكى بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋې- لىش مەقسىتىدە ئوقۇتقۇچىلارنى ھاقارەتلەپ، جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملەندۈرۈپ، خارلىغان.

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ خەۋىرىدىن

ئىلىم — ئۇ، تۈنلەرنى يورۇتقان ئوتقاش،
ئىلىم — ئۇ، دىللارغا نۇر چاچقان قۇياش.

نېمىشقا كۆزۈمگە يامراپ كەلدى ياش؟
نېمىشقا قەلبىمنى چۇلغىدى پىغان؟!
نېمىشقا ئېچىنىش، خورلۇق ۋە غەزەپ،
دولقۇنلاپ قەلبىمدە ياسىدى قىيان.
بۇ قانداق ھادىسە،
بۇ قانداق غەۋغا؟
ساھىبخان بولغاننى بەكلەمدۇ ساھىب؟!
مەن سۆيگەن ئاشۇ ئەل قەلبىدە ھەيھات،
ئاقكۆڭۈل تۇيغۇلار بولدىمۇ غايىب؟!
ھە، مېنى ئالماقتا تەقىب ئاستىغا،
غەزەپلىك چىرايلار، تۈگۈلگەن مۇشتلار؛
ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەمدۇ شىر،
ئۆز قانىتىنى ئۆزى يۇلامدۇ قۇشلار؟!...
كۆزۈمنى يۇمىمەن، بوغۇلۇپ ئاچچىق،
ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەيمەن بىر - بىر...
ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت، ھەر دەقىقىدە.
كېلىدۇ كۆڭلۈمگە مىڭ ھېس، مىڭ پىكىر:
ئالدىمدا يۇلتۇزدەك چاقنىغان كۆزلەر،
«ئۇستاز» دەپ تەلپۈنگەن ئوماق لەۋلىرى.
كەلمىدى تۈنۈگۈن، بۈگۈنمۇ ھەمدە،
شۇ ئوماق شاگىرتلار ئىچىدىن بىرى.
ئويلىدىم: شاگىرتنىڭ كىرسىز قەلبىدىن
ئوقۇش ئىستەكلىرى كۆچمىسە ئىدى.
پارتىدا چاقنىغان يۇلتۇزلىرىمدىن
بىرەرسى «لاپ» قىلىپ ئۆچمىسە ئىدى.
مەن خۇشال بولاتتىم، تەمتىرەپ ئۇلار
نادانلىق دەشتىدە بولمىسا سەرسان؛
ھە، ئۇلار ئىجادتىن تىزىپ گۆھەرلەر،
ئاتىجان خەلقىگە بەرسە ئىدى شان.
ئەۋلادلار غەپلەتكە گەر بولغاندا غەرق،
بۇ قېرى خەلقنىڭ تەقدىرى شورلۇق.
ئەۋلادلار شۆھرەتتىن ئۇرۇپ تۇرسا بەرق،
ئەجدادلار تەلەيلىك، ئەجدادلار ئۇلۇغ.
بىر زامان بىزلەرنى زۇلمەت، نادانلىق،
ئەجەپ قىينىدىغۇ قويۇپ سەكراتتا.
نېمىلەر كۆرمىدۇق ساۋاتسىزلىقتىن،
ئاھ، ئەشۇ بۇرۇختۇم رەزىل ھاياتتا؟!
ئەجەل بۆشۈكىدە ياتتۇق بىز ئۇخلاپ،
نادانلىق ئەللەيى تىڭشاپ بىر زامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غايىمنىڭ مەنزىلى بىلمىدى كېچە،
ۋە ئۇندا ئۈمىدتىن يانمىدى چولپان.
شۇ زۇلمەت تۈنلەرنىڭ چاپقۇنلىرىدا
قىينالدۇق،
ھالقۇمغا كەلمىدىمۇ جان؟
ئاپەتلەر ئىلكىدە، ئاچۇ - زارلىقتا،
ئۆلۈم كۆرۈندىمۇ كۆزلەرگە جانان.
بوۋىلار ئېيتقانىدۇ يېتىپ سەكراتتا:
«جاھالەت ئىلكىدە يۈكلەندى بېلىم.
ئەۋلادلار ھەرگىزمۇ قالمىسۇن نادان،
ئۇچسۇن شان، تاپسۇن ئاڭ، ئۆگەنسۇن ئىلىم!
بىزلەرگە تەۋەرۈك ياڭراق شۇ سادا،
ئەمەسمۇ جان بەخش ئەتكۈچى سىگنال؟
ئۇ، كۆڭۈل كۆكىدە چېقىلغان چاقماق،
ئۇ، تاڭنى باغاشلاپ ئۇچقان شوخ شامال؛
شۇلارنى ئويلايمەن ئوتلۇق ھاياجان،
ۋۇجۇدۇم، قەلبىمدە قىلار تەنتەنە.
نېمىشقا بىر پارتا قالىدۇ بوشاپ؟
تۈنۈگۈن بوش ئىدى، بۈگۈنمۇ يەنە!
سەل قاراپ بولماس بۇ پارتىغا ھەرگىز،
پارتىدىن كېلىدۇ ئىنسانغا ئۇتۇق.
پارتىسىز ئادەملەر تەقدىرى كېچە،
پارتىسىز دۇنياغا يۈزلەنمەس يورۇق.
ئەي پارتام، سۆيۈملۈك جانىجان پارتام،
سەن تەرگەن قەلبىمگە گۈل بىلەن چېچەك.
سەن بەرگەن بۇ غايىل تۇيغۇمغا پەرۋاز،
سەن بىلەن ئويۇمدا كۈلگەن كېلەچەك.
ئاھ، بۈگۈن ئۈستۈڭدە قېنى بىر چېچەك؟
كۆزۈمدە تۇرىسەن يالتىراپ سوغۇق.
ھازىدار ئايالار ئارتقاندەك لىچەك،
توزاڭلار كۆمۈپتۇ يۈزۈڭنى تولۇق.
ئۈن - تۈنسىز يىغلايسەن يۇلتۇزۇڭ ئۆچكەن،
دۇنيادىن غۇلىغان بىر ئەرك، بىر ھوقۇق!
بىر ئىنسان تەقدىرى يوقلۇققا كۆچكەن،
مەرىپەت جېڭىدە كېمەيگەن بىر ئوق!

بۇ ئۇزاق يوللاردىن كەلدىم ئۆيۈڭگە،
ئەي ئۇماق يۇلتۇزۇم باغرىمغا تۆكۈل.
بول يەنە مەشۇقىڭ — پارتاڭدا زاھىر،
ئۇ ساڭا بىر تەشنەك، ئېچىلغىن ئەي گۈل.
بۇقۇلداپ يىغلايسەن، مەڭزىڭ يانغان ئوت،
ئاھ، ئەجەب سىرغىدى كۆزۈڭدىن شەبنەم.
يۇلتۇزۇم، يۇلتۇزۇم، دەردلەرنى ئۇنۇت،
بولۇقما يۇلتۇزغا ئاستىغۇر ئەلەم.
ئىنسانغا ھىممەت قىل رەھىمدىل قۇياش،
«ئەرك» دەپ چۇقان سال دەپسەندە ھەۋەس.
ئەي ئاتا، ئەي ئانا بولما باغرى تاش،
— باق باغرىڭ مەيلىگە،
زەنجىرلىمە بەس!
يۇت دېسە يۇتتۇڭ ئۇ، قول دېسە قولۇڭ،
ئۇ تاپسۇن كۈچ - مادار، ئۇ تاپسۇن ھۆنەر.
سەن تەرگەن بىر گۈل ئۇ، ياشناتسۇن قولۇم،
رەڭ ئېلىپ گۈللەردىن گۈزەللەشسۇن يەر.
ئەجەب — ھە؟ ئەي ئاتا ئۇنتۇدىڭمۇ گەپ؟
كۆزلىرىڭ غەزەپلىك، تەلەتىڭ بۇزۇق.
ماقال بار: «سۈننىمۇ سىڭگەن يەرگە سەپ»
سىڭەر دەپ سەپكەنتىم تاملايلا قويدۇق.
نېمىشقا كېلىسەن بۇنداق دەۋەيلەپ،
نېمىشقا قەھرىڭدىن ياغدۇرىسەن ئوق؟
نە پايدا بۇ خالىس پەيلىمنى چەيلەپ،
ياشناتماق كېرەكقۇ چاچقاندا ئۇرۇق؟
تەگدى مۇشت بۇرنۇمغا، يۈزلىرىمگە ھەم،
نادانلىق يۈرىكى نەقەدەر يامان؟
بۇ نېمە خورلۇق ھە، بۇ نېمە ئەلەم،
بۇ قانداق ھادىسە، بۇ قايسى زامان؟
ئەي سەن مۇشت، نادانغا، شۇملۇققا تىمسال،
ئاھ، سېنى بار ئەتكەن قايسى باغرى تاش؟
سەن بىلەن تۆرەلدى دۇنياغا جاڭجال،
سەن بولغاچ كۆزلەردىن قۇرۇمىدى ياش!
ھە سېنى بار ئەتكەن قايسى مۇددىئا؟
ۋە قايسى نىيەتكە بولدۇڭ سەن مىسال؟

ئىنسانلار «ئېچىلىق» دەپ ئەيلىسە دۇئا،
نېمىشقا ھۆرلۈككە بېرىسەن زاۋال؟
تەگدى مۇشت بۇرنۇمغا، يۈزلىرىمگەھەم،
تەگدى مۇشت ياخشى خۇي، ئىزگۈنىيەتكە.
تەگدى مۇشت ئىقبالغا، كېلەچەككە ھەم،
تەگدى مۇشت ماڭارىپ، مەدەنىيەتكە.
مۇشت يامان، مۇشتتىن بەك نادانلىق يامان،
ناداندا بولمايدۇ يارقىن تەبىئەت.
نادانلىق شۇملۇقتا يېتەكلەر ھامان،
نادانلىق دۇنياغا بېرەرسەت تەلەت.
ئۇبلايمەن ئەسىرنىڭ ئىستىرىلكىسى،
يېقىنلاپ قالدىغۇ يىگىرمە بىرگە.
بولامدۇ نادانلىق، ياۋايىلىقنى،
ئات بوپ بىز، مىندۈرۈپ قويساق ئىگەرگە.
بولامدۇ نەسىللەر تۇغۇلالمىسا،
ئىلىم بۆشۈكىدە تولۇپ ئاي كەبى.
خەلق قەد كېرەلمەي بولامدۇ ئەمدى،
ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا نادان ۋەسەبى؟!
ئىزدىمىز ئۆچمىسۇن ئەزىز تۇپراقتىن،
نادانلىق غۇلىسۇن ئەمدى ئېتىمدىن.
مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ كۆرسۇن ئەۋلادلار،
مۇبارەك نامىمىزنى تارىخ بېتىدىن.

*

ئىلىم — ئۇ، تۈنلەرنى يورۇتقان ئوتقاش،
ئىلىم — ئۇ، دىللارغا نۇر چاچقان قۇياش.

# ئاق چېچەك

سۇفىيەم راخمان

ئاق چېچەك،
ئاپئاق چېچەك،
سېنىڭ جىلۋەڭدە
تاڭنىڭ ساباسى،
بۇلبۇللارنىڭ كۈيى - ناۋاسى.
ئارامبەخش
باھار ھاۋاسى.
چاقناپ تۇرىدۇ
گۈزەل چېھرىڭدە،
ئالتۇن قۇياشنىڭ،
تولۇن ئاينىڭ،
ياقۇت يۇلتۇزنىڭ،
نۇرى - جۇلاسى.
پاك چېچەك،
سەن باھار يۈرىكى،
نۇر قىزى،
شەبنەم دىلبىرى.
ئاقلىقىڭ،
غۇبارسىز پاكلىقىڭ،
ئىنسان ئىستىكى،
شۇڭا تارتىسەن مەيلىنى.
سەندەك ساپ بولغىسى كېلىدۇ،
غۇبارسىز پاك بولغىسى كېلىدۇ،
خالايدۇ شۇنى.
بىراق
(شۇنچە قىيىنمىكىن پاك بولۇش؟!)
ھە،
ئانچە ئوڭاي ئەمەس.
شۇندىقلارمۇ بار،
ئىچى ئەجەب تار.
تۇرقى ئادەمدەك،
يۈرىكى،
دىلى،
موردەك قارا.
ئىنسان ئۈچۈن،
قايغۇ - ئازاب،
ئاپەت ئىزدەيدۇ.
قان - يىرىڭ ئىچىدىن،

www.uyghurkitap.com

پاسىق سۆزگەكتىن،
ئۆزىگە بەخت —
ئامەت ئىزدەيدۇ.
تۇۋا!
ئۇنداقلار ئالەمگە
ئەسكىلىك ئۈچۈنلا تۆرەلگەنمىكىن؟!
(ياكى بوۋاق چېغىدىلا
ھىلە - مىكىر،
ھەسەت بېشۈكىگە بۆلەنگەنمىكىن؟!)
قارا يۈرىكى،
ئۇنى دائىم يامانلىققا ئۈندەيدۇ.
ئاھ، رەزىل يۈرەكلەر،
ئىبلىس قولى بىلەن،
مىكىر يولى بىلەن،
گۈزەل دۇنيانى،
ھاياتلىقنى كىرلەيدۇ.
ۋاھ!
تېخى ئۇلار ئۆزىچە مەغرۇر
خۇشامەت دەرياسىدا ئۈزۈپ،
پەسكەشلىك ئازگاللىرىدىن
تاپىدۇ ئۆزىگە،
ئامەت،
بەخت،
ھۆزۈر.
بولسا ئىدى شۇلاردىمۇ
ئادالەت،
ئىنساپ،
دىيانەت.
كىرسىز پاك دىللار،
دەرتلىك كۆڭۈللەر،
تارتماستى ئازاب، چەكمەستى رىيازەت.
ھەي ئىسىت!
ئۇلارنىڭ دىللىرىمۇ پاك بولسا،
غۇبارسىز ئاق بولسا،
نىيەت رۇست بولسا،
دۇشمەنلەشكەنلەر،
ئارازلاشقانلار،
ئىناق - ئىجىل دوست بولسا.
قولغا - قول تۇتۇپ
ھاياتلىقنى گۈللەتسەك.
ئاتىلارغا،
ئانىلارغا،
بالىلارغا،
شاتلىق،
بەخت،
راھەت بەخش ئەتسەك.
يېتىم بولمىسا بالىلار،
ئازاب تارتمىسا ئانىلار،
ھەسرەت چەكمىسە ئاتىلار،
نە ئارمان قالار ئىدى يۈرەكتە،
بەختلىك ياشاپ
دۇنيادىن ئۆتسەك.

* * *

ئاق چېچەك،
پاك چېچەك،
سەن گۈللەر زىباسى.
چاقناپ تۇرىدۇ
ئوماق چېھرىڭدە،
سۇبھى زىياسى،
نۇرلار جۇلاسى،
ئاق چېچەك!

## يامانلارنىڭ قەبرە تېشىغا بېغىشلىمىلار

رەخىم قاسىم

### قىتىغىرغا

توڭگۈز قاتىرار قىتىغىرنىڭ كۆڭلىدە،
تۈلكە ئوينار مەككارانە كۆزىدە.
تۇرقى ئادىم، تازا باقساڭ زەڭ سېلىپ
ۋەھشى ھايۋان ئەكسى چاقنار يۈزىدە.

### تەقسىچىگە

تەقسىچىلىك بولدى كەسپى بىر ئۆمۈر،
ئۇ ئىگىلسە قالدى تاڭ پولات - تۆمۈر.
بۇ رەزىللىكىنى كۆرۈپ تاش بىر قېتىم،
ئۆرتۈنۈپ بولدى خىجىللىقتا كۆمۈر.

### سۇئىقەستچىگە

دەپتىرىدە ئۆزگىلەرنىڭ گەپ - سۆزى،
بەرى بوھتان، يوق بىر توغرا - تۈزى.
ئورا كولاپ باشقىلارغا ئاقىبەت،
ئورىغا ئۆزگە ئەمەس چۈشتى ئۆزى.

### يالغانچىغا

ئۆزگىنى يالغانچى دەپ يالغان ئېيتىپ،
كەلدى كۆشنى كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىپ.
ئۆمرى بىر غېرىچ پەقەت يالغانچىنىڭ،
قالدۇ قاش بەرىبىر ئوسما كېتىپ.

### بەدنىيەتكە

بەدنىيەت كۆيدۈرگىلەرنىڭ بەكمۇ ئۆتكەچ ئەلىمى،
دەپتىكەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىن كۆرەر بىر ئالىمى:
گەر كۈچۈك بىرلە خوتەكنى قانچە قىلساڭ تەربىيەت،
ئىت بولۇر، ئېشەك بولۇر، بولماس ئەسلا ئادەمى.

# شېئىر توغرىلىق قىلمىغىن دەۋا

**قاۋۇل ساۋۇر**

دېدى بىرەيلەن، گېزىتتىن ماڭا
كۆرسىتىپ ئەجەب گۈزەل بىر شېئىر:
شۇمۇ ئەسەرمۇ، بىلەلمىدىم ھېچ،
باركىن ئۇنىڭدا نەمەزمۇن - پىكىر؟

بۇنداق شېئىرغا خۇشۇم يوق مېنىڭ،
ئوقۇيمەن شۇڭا ھېكايە - رومان.
مەزمۇنى ئۇنىڭ شۇقەدەر ئېنىق،
چۈشىنەلەيمەن بىر كۆرگەن ھامان.

دېدىم مەن ئاڭا: بۇغۇ ئۆز ئىشىڭ
شېئىر توغرىلىق قىلمىغىن دەۋا.
ئەقلىڭ يەتمىسە سۆكۈش نەھاجەت،
قۇياشتىن قۇسۇر تاپقاندەك ئەما.

شېئىر ئەقلىنىڭ جەۋھىرى دېمەك،
كىم دەر زاھىرەن تاشنى جاۋاھىر؟
چۈشىنەلمەسەڭ، يازسۇنمۇ ئەمدى
سېنىڭ ئەقلىڭنى مىزان قىلىپ شائىر؟!

### ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن ...

بىلىم ئەقلنى گۈل قىلىدۇ،
بىلىمسىزلىك كۆل.

ئەدەبلىك ئەدەب بىلەن تاش يارار،
ئەدەبسىز مۇشتى بىلەن باش يارار.

ئەمگەك سۆيگەننى ئەل سۆيەر.

دىلى تۈزۈكنىڭ تىلى تۈزۈك،
تىلى بۇزۇقنىڭ دىلى بۇزۇق.

خەقتىن قورقما،
ھەقتىن قورق.

ماختانچاقنىڭ خېرىدارى بىر،
كەمتەرنىڭ خېرىدارى مىڭ.

كېلىنىڭ يامان بولسا ئوغلۇڭدىن كۆر،
كۈيئوغلۇڭ يامان بولسا قىزىڭدىن كۆر.

سوراقچى ئادالەتلىك بولسا،
دەريامۇ تىلغا كېلەر.

توپلىغۇچى: نىزامىدىن ھۈسەيىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر توغرىسىدا

تۇرغۇن ئالماس

9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئۇزاق بىر تارىخىي مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا ياندىش بولغان جايلاردا ياشىغان خەلق (ئۇيغۇر ۋە تاجىك) لار تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم بىر دەۋر بولدى. شۇ دەۋردە سامانىلار پادىشاھلىقى (مىلادى 870 - يىلىدىن 1000 — يىلىغىچە) ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى (850 — 1212)، ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى (850 — 1325)، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (963 — 1187)، ئۇلۇغ سالجۇقلار ئىمپېرىيىسى (1040 — 1157) قاتارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تارىخ سەھنىسىدە ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئوينىدى. بولۇپمۇ شۇ دەۋردە مەدەنىيەت گۈللەپ ياشنىدى، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە شانلىق، بىباھا تۆھپىلەر قوشۇلدى.

دۇنياغا ئايان بولغان شۇ دەۋردە (قاراخانىلار دەۋردە) مەشھۇر ئالىم، دانىشمەن، پەيلاسوپ ئەبۇنەسىر فارابى (873— 950)، فىلاسوفىيە ۋە مېدىتسىنا ساھەسىدىكى قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئەبۇئەلى سىنا (1037—980)، ئۇنىڭ زامانداشى پەيلاسوپ ئەبۇرەيھان بىرۇنى (973 — 1048)، «شاھنامە» نىڭ ئاپتورى، تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئوبۇلقاسىم فىرداۋسى (934 —1020)، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەن ئوغۇللىرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، تالانتلىق شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ (مىلادى 1018 - يىلى تۇغۇلۇپ 1080 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن)، ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرى (990 — 1080) قاتارلىق ئاجايىپ ئۇلۇغ، تالانتلىق، دانىشمەن ئالىملار، پەيلاسوپلار، شائىرلار، تىلشۇناسلار، تارىخچىلار مەيدانغا كەلدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ پەخرى ھېسابلانغان ئەبۇ نەسىر فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى، ئەبۇ ئەلى سىنا، ئوبۇلقاسىم فىرداۋسى قاتارلىق ئۇلۇغ پەيلاسوپلار، شائىرلارنىڭ ئىلمىي، ئىجادىي دانىشمەنلىكتە ياراتقان تۆھپىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئويغىنىش دەۋرى»نىڭ ياۋروپادىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇن ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

ياۋروپادىكى «ئويغىنىش دەۋرى» («ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 14 - ئەسىردىن 16 - ئەسىرگىچە بول-

تارىختىن سۆز

...غان مەزگىلدە، بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى ئىدىيە بىلەن سۇغۇرۇلغان مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ئىدى. ياۋروپادىكى «ئويغىنىش» ئەڭ ئاۋۋال ئىتالىيىدىن باشلاندى، كېيىن ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە كېڭەيدى. شۇ چاغدا شەھەرلەردىكى تاۋار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەدرىجىي قەدەم كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋۇجۇتقا كەلدى، مەدەنىيەت جەھەتتە بولسا، يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن تەلەپلىرى ئۆز ئەكسىنى تاپتى. يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئالىملىرى جەمئىيەتتە، يۇنان، رىمنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. ئۇلار كلاسسىك مەدەنىيەتتىن ئوزۇق ئېلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئاچتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋروپادىكى فېئودالىزمغا قارشى ئىدىيە بىلەن سۇغۇرۇلغان مەدەنىيەت ھەرىكىتى «ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ ئويغىنىش ھەرىكىتى» دەپ ئاتالدى.

ئۇلار ياۋروپالىقلارنىڭ تىلىدا «گۇمانىست» (بۇ لاتىنچە سۆز بولۇپ، «ئادىمىگەرچىلىك» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالدى. «گۇمانىستلار»، ئادەمنى ھۆرمەتلەش، ئادەمگە غەمخورلۇق قىلىش، «ئادەم»نى مەركەز قىلىش دەيدىغان گۇمانىزم ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى، ھېسسىياتىنى، ئەقىل- پاراسىتىنى خرىستىئان بۇتخانىلىرىنىڭ ئىلاھىيەتچىلىك ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا گۇمانىستلارنىڭ روھلاندۇرۇشى نەتىجىسىدە ئىتالىيىدە فېئودالىزمغا قارشى بىر تۈركۈم باتۇرلار مەيدانغا چىقتى. مەسىلەن: شائىرلاردىن فلورونسىيىلىك دانتى(1265—1321)

«ئىلاھىي كومېدىيىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يازدى. بۇ ئەسەر «پۇل سىرات» («قىل كۆۋرۈك»)، «دوزاخ»، «جەننەت» قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى خرىستىئان دىنىنى پاش قىلغانىدى. «ئىلاھىي كومېدىيىسى» دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ناھايىتى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان بۈيۈك ئەسەردۇر.

ياۋروپادىكى «ئويغىنىش» دەۋرىدە ئۆتكەن گۇمانىستلاردىن شائىر پېتراركا (1304— 1374)، يازغۇچى بوككاچچىو (1313 — 1375) ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇتەپەككۇر شائىر پېتراركا ئاجايىپ تەسىرلىك لىرىك شېئىرلارنى يازغان بولسا، يازغۇچى بوككاچچىو «ئون كۈن» دېگەن ھېكايىلەر توپلىمىدا، خرىستىئان پوپلىرى بىلەن مۇناخلارنىڭ يۈزسىزلىكىنى ۋە ھارامزادىلىكىنى پاش قىلدى.

ياۋروپادىكى «ئويغىنىش» دەۋرىدىكى گۇمانىستلاردىن رەسسام، ھەيكەلتاراش، مۇزىكانت، شائىر، ئىنژېنېر لېئوناردو داۋىنچى (1452 — 1519)، مىكېل ئانژېلو رافائىل (1475 — 1564) ۋە نىكولاي كوپېرنىك (1473—1543)، برونو (1548 — 1600)، گالىلېي (1564 — 1642) قاتارلىق مەشھۇر ئالىملار ئۆتكەن.

ئۇلار فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كەسكىن كۈرەشلەر ئىچىدە، ئۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ يېقىنقى زاماندىكى رېئالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك ئاساس سالغانىدى. بۇ ھەقتە ئېنگېلس: «بۇ ئىنسانىيەت بېشىدىن كەچۈرمىگەن بىر قېتىملىق ئەڭ ئۇلۇغ، ئىلغار ئۆزگىرىش ئىدى» دېگەنىدى.

دېمەك، ياۋروپادىكى «ئويغىنىش» دەۋرى 14 ـ ئەسىردە باشلىنىشقا قەدەم قويغان بول-

سا، ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراخانىلار دەۋرىنىڭ باشلىرىدىلا (11 - ئەسىردە) مەدەنىيەتتە «ئويغىنىش» دەۋرى مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇنىڭغا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتاتقۇبىلىك» داستانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىلغار ئىدىيىلەر جاۋاب بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ فىلاسوفىيە نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئىدېئالىست بولسىمۇ، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا ماتېرىيالىستىك يۈزلىنىشنىڭ ئالامەتلىرىنى يوق دېيىشكە ئاساسىمىز يوق. مەسىلەن: يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتاتقۇبىلىك» داستانىدىكى ئاسترونومىيىگە دائىر بايانلىرى ئۇنىڭ تەبىئەت توغرىسىدىكى كۆز قارىشىدا ئىستىخىيىلىك ماتېرىيالىستىك خاراكتېردىكى پىكىرلەرنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 9 - ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام تەسىرى كۈچەيگەن فېئودالىزم شارائىتىدىكى ئىسلاھىيەتچىلىككە پۈتۈنلەي بويسۇنۇپ كەتمەي، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئىلمىي نۇقتىئىنەزەردىن قاراپ، يونان ئاسترونومى كىلاۋدى پىتولىمى (مىلادى 2- ئەسىردە ئۆتكەن)، ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسترونوملىرى فارابى، بېرونىلارنىڭ ئىلغار كۆز قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان.

كىلاۋدى پىتولىمىنىڭ ئالەم سىستېمىسى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىدا، ئالەم بوشلۇقىدىكى پىلانېتلار يەر ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، دېگەن چۈشەنچە ھۆكۈم سۈرگەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنە شۇنداق چۈشەنچىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق كۆز قارىشى ئۇ ياشىغان زاماندىكى ئىلاھىيەتچىل كۆز قاراشلاردىن ئىلغار ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەم سىستېمىسىدىكى جىسىملار توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنىڭ خېلى ئىلغارلىقىنى ئۇنىڭ ئاي توغرىسىدا بەرگەن بايانى ئىسپاتلايدۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتاتقۇبىلىك» داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

137. بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق① تۇرۇر،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولۇر.

731. ئاي ئاۋال تولىمۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن - كۈن چوڭىيىپ يۇقىرى چىقۇر.

733. تولۇپ ئاي ئېگىزگە ئۆرلىگەچ كېيىن-
كېمەيىپ ئاستا، كۆركى كېتەر يۈزىدىن.

734. يورۇقى ئاز - ئازدىن يەنە يوقىلۇر،
تۇغۇلۇپ كىچىك ئۇ، قايتىدىن تولۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىدىكى بايانىدا: ئاينىڭ شەكلىنىڭ يۇمىلاقلىقى، ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقارمايدىغان، پەقەت قۇياشنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن يورۇپ تۇرىدىغان، ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلانغاندىن تاشقىرى يەر ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان جىسىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن.

ئاسترونومىيە ئىلمىينىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئالەمنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلۇغ ئاسترونوم كوپېرنىكنىڭ ئۆزىنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى» ناملىق ئەسىردە 16 - ئەسىرگە كەلگەندە ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتاتقۇبىلىك» داستانىنى ئىلمىنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇسنامە ھېسابلىنىدۇ. «قۇتاتقۇبىلىك» داستانى، «نەسىھەتنامە»، «ماقال - تەمسىلنامە»، «سىياسەتنامە»، «دۆلەت توغرىسىدىكى تەلىمات»، «ئوتوپىيە» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يالغۇزلا «قۇتاتقۇبىلىك» نىڭ «دۆلەت

① - ئاي

توغرىسىدىكى تەلىمات» لىقى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن يونان پەيلاسوپى پىلاتون (مىلادىيىدىن 429 يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ، مىلادىيىدىن 347 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن) ئوبيېكتىپ ئىدىيالىست پەيلاسوپ بولۇپ، ئافىنادىكى دېموكراتىك ئېقىمىنىڭ دۈشمىنى ئىدى. پىلاتوننىڭ پەلسەپىسى كېيىنكى ئەسىردە غەربتىكى بارلىق ئىدىيالىستىك پەلسەپىنىڭ ئاساسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسەر يازدى. بۇ ئەسەردە ئاق سۆڭەك قۇلدارلار دىكتاتۇرىسى تەرغىپ قىلىنغان بولۇپ، پىلاتون پۈتۈن ئادەملەرنى ئۈچ تەبىقىگە — پەيلاسوپلار، ھەربىيلەر، ئەمگەكچىلەرگە بۆلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، پەيلاسوپلار ئالتۇندىن، ھەربىيلەر كۈمۈشتىن، ئەمگەكچىلەر تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ، پەيلاسوپلار دۆلەتنى ئىدارە قىلىدۇ، ھەربىيلەر بولسا ئۇلار (پەيلاسوپلار) نى قوغدىغۇچىلار، ئەمگەكچىلەر ئەمگەك قىلىپ، پەيلاسوپلار بىلەن ھەربىيلەرنى باققۇچى قۇللاردىن ئىبارەت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتاتقۇبىلىك» داستانىدا دۆلەت توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قارىشى پىلاتوننىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى رېئاكسىيون كۆز قارىشىغا تۈپ ئاساسىدىن ئوخشىمايدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىغا يارىشا ناھايىتى ئىلغار، ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت توغرىسىدا تەشەببۇس قىلىنغان تەدبىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى بىر نەچچە جەھەتتىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتاتقۇبىلىك» داستانىدا، دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ بىلىملىك، ئەقىللىق، ئەخلاقلىق، باتۇرلۇققا ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇشى لازىملىقى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىلىمسىز، دۆت، ئەخلاقسىز، زالىملار دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان بولسا دۆلەتنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقى، ئادالەت روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقى، ئەشۇنداق قانۇن ئالدىدا، دۆلەتتىكى كىشىلەرنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر (پادىشاھتىن تارتىپ قۇلغىچە) باراۋەر ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. مانا شۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت توغرىلىق كۆز قاراشلىرى، ئۆز زامانىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرۇپلا قالماستىن، يېقىن زاماندىكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاۋىي دەۋرىدە ئۆتكەن گۇمانىستلاردىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. مەسىلەن: يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتاتقۇبىلىك» داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

1951. ئەقىللىق كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
سېخىلىق كېرەك ھەم سىلىقلىق كېرەك.

1952. بىلىم بىرلە بەگلەر ئېلىن باشلىدى،
ئەقىل بىرلە خەلقىنىڭ ئىشىن ئىشلىدى.

1956. بەگ ئولۇن بىلىملىك، ئاقىل ۋە ئويغاق،
ئۇشتۇمتۇت تەگمىگەي دېسە بىر چاتاق.

1957. كېرەكتۇر ياخشى خۇلق، پەزىل مىڭ تۈمەن،
ئېتىمغا تەگمىسۇن دېسە داغ - بۇياق.

1961. بەگ ئولغاي خەلق ئۈچۈن جەسۇر، قەھرىمان،
بۇنىڭلە قىلىنۇر چوڭ ئىشلار ھامان.

1983. خۇدا - قىلسا كىمنىڭ خۇيىنى يامان،
ئۇنى رەنجىتۇر ئوقى بىلەن زامان.

1984. ئەگەر بولساقايسى بەگ خۇلقى ناچار،
سۈيۈنچى بولۇر غەم، ئىش تەتۈرماگار،

www.uyghurkitap.com

2033. بولاي دېسەڭ ئەلگە ئۇزۇن ھۆكۈمران،
قانۇن تۈز، يۈرۈت، خەلقنى ئاسراھامان.

2034. ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۈزۈلۈرجاھان،
زۇلۇم بىرلە كېمەيىپ ئەل بۇزۇلۇرجاھان.

2036. تۈزەپ بەگ كۆڭۈلنى يۈرۈتسە قانۇن،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماس، تۇرار بەك ئۇزۇن.

2038. سۆزى چىن ئۇلسا بەگنىڭ، خۇلقى گۈزەل،
ئىشەنگەي، ياخشى كۈن كۆرۈپ ئاڭا ئەل.

3463. ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئىرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

818. ماڭا تەك ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

809. قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچكىشىن.

يۇقىرىدا «قۇتادغۇبىلىك» دىن كەلتۈرۈلگەن بىر قاتار پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، گۇمانسىزلىق، قانۇنشۇناسلىق جەھەتتە يۇسۇپ خاس ھاجىپقا غەربنىڭ مەشھۇر گۇمانىستلىرى ۋە قانۇنشۇناسلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئورۇنسىز. چۈنكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئادالەت پرىنسىپلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن مەسىلىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغانىدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئەسىردە ھۆكۈم سۈرگەن ئىلاھىيەتچىلىك (مەيلى خرىستىئان دۇنياسىدا بولسۇن ياكى ئىسلامىيەت ئالەمىدە بولسۇن) پەلسەپىسىگە جەڭ ئېلان قىلغان.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا: «تۈركى خەلقلەر جايلاشقان كەڭ دىيارنى يەر يۈزىنىڭ يۇمىلاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە، قىياسىي خەرىتە قىلىپ سىزىپ بەرگەن. ئاپتورنىڭ ئۆز تىلى بويىچە «دائىرە» دەپ ئاتالغان بۇ خەرىتە ئاسىيانىڭ شۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قەدىمكى خەرىتىسىدۇر. بۇنىڭدا، تاغلار، دېڭىز، دەريا ۋە كۆللەر ئاددىي ۋە گېئومېترىك شەكىلدە ئىپادىلەنگەن، مۇھىم شەھەرلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى كۆرسىتىلگەن.» ①

مەھمۇد قەشقىرى 11 - ئەسىردە يەرنىڭ يۇمىلاقلىقى توغرىسىدا مەلۇم ئۇقۇمغا ئىگە بولغان بولسا، ئىتالىيىلىك پەيلاسوپ، ئاسترونوم بىرونو، فىزىكا ئالىمى ۋە ئاسترونوم گاللىيلى قاتارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلەر 17 - ئەسىردىلا يەرنىڭ يۇمىلاقلىقىنى ئۇزۇل - كېسىل ئىسپاتلاپ، خرىستىئان ئىلاھىيەتچىلىرىنىڭ ياۋۇزلارچە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. ئىتالىيىدىكى كاتولىك چېركاۋى بىرونونى خرىستىئان دىنىغا ئاسىيلىق قىلدى، دەپ ئەيىبلەپ، ئۇنى چەت ئەلگە كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. برونو 1592 - يىلى ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دىنىي سوتقا بېرىلىپ، يەتتە يىل قاماقخانىدا ياتتى، لېكىن برونو ئۆز ئېتىقادىدىن يانمىغانلىقى ئۈچۈن، كاتولىك پوپلىرى تەرىپىدىن رىمدىكى گۈللۈك مەيدانىدا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى. برونو، باغلانغان تۈۋرۈكتە كۆيۈۋاتقان چېغىدا مەغرۇرانە قىياپەتتە تەنتەنىلىك ھالدا: «كۆيدۈرۈش — رەت قىلىش ئەمەستۇر» دەپ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلغانىدى.

گاللىيلىمۇ 1633 - يىلى دىنىي سوت تەرىپىدىن سوراققا تارتىلىپ، ئەڭ ئاخىرى 1642- يىلى قاماقخانىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

---

(1) «تۈركى تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە 1 - توم 21 - بەت

قاراخانىلار دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋۇجۇتقا كەلگەن «ئويغىنىش» دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى ھېسابلانغانلار ئىچىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنى مىسالغا كەلتۈردۇم.

تۆۋەندە، قاراخانىلار دەۋرىدە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر توغرىسىدا ئۆز چۈشەنچەمنى قويۇپ ئۆتمەكچىمەن:

1 - قاراخانىلار دۆلىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ (تارىم ۋادىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئىقتىسادىي جەھەتتە يېتەكچى رول ئوينىغان رايونلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدىكى مەدەنىي رايونلار بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان رايونلار (يەتتە سۇ قاتارلىق رايونلار) نىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. شۇ دەۋردە، قەشقەر، خوتەن، بالاساغۇن، تاشكەنت، سەمەرقەند، بۇخارا، ئۆرگەنچ، تېرمىز، مەرۋى ۋە خوراساندىكى مەشھۇر شەھەرلەر ناھايىتى ئاۋات ئىدى. مانا شۇ شەھەرلەردە قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - سېتىق، بىناكارلىق ئىشلىرى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى.

بۇ شەھەرلەردىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، سان - ساپامۇ يۇقىرى ئىدى. تېرىز - يۇپقا، رەڭلىك ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش، (رەڭلىك ئەينەكلەر بىناكارلىقتا ئىشلىتىلەتتى) خىلمۇ خىل گۈللەر چېكىلگەن سىرلىق قاچا - قۇچا، ئىدىشلارنى ياساش، برونزا، مىس، شىشە ۋە ساپالدىن ياسالغان بۇيۇملارغا، تاملارغا، قەغەزگە، گۈللەر ۋە دۇنيادا بولمىغان ئاجايىپ ئەپسانىۋى ھايۋانلارنىڭ بەدىئىي سۈرەتلىرىنى سىزىش ئومۇملاشقانىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە پىششىق خىشتىن ھەيۋەتلىك بىنالارنى سېلىشتا، ئوردا - سارايى، مازار، مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ مۇھىم تاملىرى، گۈمبەزلىرىنى چىنە خىش (پار - پۇر خىش)، گۈللۈك، سىرلىق خىشلاردىن قوپۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلگەن. تارىم ئويمانلىقىدا (خوتەن بىلەن قەشقەردە) كىمخاپ، شايى، ئەتلەس توقۇش راۋاجلانغان بولسا، سەمەرقەند، بۇخارادا پاختا، يىپ، كەندىر، يىپەكتىن خىلمۇخىل، رەڭمۇرەڭ رەختلەر توقۇلغان.

2 - خەلقئارا سودا يولىنىڭ ئاساسىي تۈگۈنلىرى قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدە ئىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە بارىدىغان سودا كارۋانلىرى خوتەن، قەشقەر، بالاساغۇن، سەمەرقەند، بۇخارا، تېرمىز قاتارلىق شەھەرلەردىن ئۆتەتتى.

قەدىمكى زاماندا خەلقئارا سودا يولىغا ھونلار، تۈركلەر، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغاندەك، قاراخانىلارمۇ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەنىدى. قاراخانىلار شەرقتە جۇڭگو (سۇڭ سۇلالىسى ۋە قىتانلار خانلىقى بىلەن)، غەربىي جەنۇبتا ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران بىلەن (غەزنەۋىلەر ۋە سالجۇقلار ئارقىلىق) غەربتە غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا بىلەن سودا ئالاقىسى قىلاتتى. قاراخانىلارنىڭ سودا كارۋانلىرى تۆگە، ئاتلارغا يۈكلەنگەن ماللارنى يىراق ئەللەرگە ئېلىپ باراتتى. ئۇلار ھىندىستان، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىن مەرۋايىت، ياقۇت، پىل چىشى قاتارلىق نەرسىلەر ئېلىپ كېلىپ جۇڭگوغا ساتاتتى. ئادەتتە سودا كارۋانلىرىدىكى ئۇلاغلار بىرنەچچە يۈز، بىرنەچچە مىڭغا يېتەتتى، بەزى كارۋانلاردا بەش مىڭغا يېقىن ئادەم بار ئىدى. بۇنداق كارۋانلار گاھىدا ئىككى يىلدا، گاھىدا بىر يىلدا بىر قېتىم بېرىپ كېلەتتى.

www.uyghurkitap.com

3 - خەلقئارا سودىنىڭ كۈچىيىشى. قاراخانىيلارنىڭ دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان سودا ئالاقىسىمۇ ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈردى. خەلقئارا سودىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، خوتەن، قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەندتە يىپەك، پاختا، كەندىر، يۇڭدىن توقۇلىدىغان رەختلەرنى سۈپەتلىك، كۆپ مىقداردا ئىشلەپچىقىرىشقا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، سەمەرقەندتە قەغەز ئىشلەپچىقىرىش بەكمۇ تەرەققىي قىلدى. سەمەرقەند قەغىزى غەربتىكى ئەرەب خەلىپىلىكى، شەرقىي رۇما ئېمپېرىيىسى ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگە چىقىرىلدى.

ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، مىلادىنىڭ 751 - يىلى تالاس ئۇرۇشىدا ئەرەبلەرگە ئەسىر چۈشكەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئىچىدىكى قەغەزچىلىك ھۈنىرىنى بىلىدىغانلاردىن پايدىلانغان ئەرەبلەر ئۆز ۋاقتىدىلا سەمەرقەندتە قەغەز ياساشنى يولغا قويغانىدى.

قاراخانىيلارنىڭ سۇڭ سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 960 - يىلدىن 1279 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق بولغانىدى.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى، ئۇدۇن ھەققىدە قىسسە» ۋە «سۇڭ سۇلالىسى يارلىقلىرى توپلىمى، يات ئەللەر (4)» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، قاراخانىيلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئارىسىدىكى سودا مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. بىرىنچى باسقۇچ، مىلادىنىڭ 1009 - يىلدىن 1025 - يىلغىچە بولغان 16 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا شۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار تەختىدە ئەھمەد تۇغانخان (998 — 1018)، مەنسۇر ئارسلانخان (1018 — 1024)، ئەھمەدخان (1024 — 1026) قاتارلىقلار ئولتۇرغان.

مىلادىنىڭ 1009 - يىلى تۇنجى قېتىم قاراخانىيلارنىڭ ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيفېڭگە بارغان، بۇ ئەلچىلەرنى خوتەن خانى يۈسۈپ قادىرخان، قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئەھمەد تۇغانخانغا ۋاكالىتەن ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مىلادىنىڭ 1024 - يىلى مەنسۇر ئارسلانخاننىڭ ئەلچىلىرى (ئاساسەن سودا ئەلچىلىرى) مۇ، كەيفېڭگە بارغان.

ئىككىنچى باسقۇچ، مىلادىنىڭ 1063 - يىلىدىن تارتىپ 1097 - يىلغىچە بولغان 35 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا شۇ 35 يىل ئىچىدە قاراخانىيلارنىڭ سودا ئەلچىلىرى تەخمىنەن 24 قېتىم كەيفېڭگە بارغان. مانا شۇ باسقۇچتا شەرقىي قاراخانىيلاردا تۇغرۇل قاراخان (1058 — 1074)، تۇغرۇل تېكىن II (1074—1075)، ھارۇن بۇغراخان (1075—1102) قاتارلىق ئۈچ خاقان ھۆكۈمران بولغانىدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ، مىلادىنىڭ 1107 - يىلىدىن 1124 - يىلغىچە بولغان 17 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا شۇ17يىل ئىچىدە، قاراخانىيلارنىڭ سودا ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىغا تۆت قېتىم بارغان. شۇ مەزگىلدە شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئەھمەد ئارسلانخان ئىدى.

قاراخانىيلارنىڭ سودا ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىغا، مەستەكى رۇمى، نۇشىدىر، مەرۋايىت، ياقۇت، گىلەم، ئەتلەس، قاشتېشى، سۆسەر، بۇلغۇن تېرىلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىچكى ۋە تاشقى سودا ئوبوروتىدا دىنار (ئالتۇن پۇل)، دەرھەم (كۈمۈچ پۇل) نىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىشى خەلقارا سودىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ھەربىي قوشۇننى ئۇرۇش قوراللىرى (ئوقيا، نەيزە، قىلىچ، پالتا، ئومۇت، قالقان، دۇبۇلغا، ساۋۇت) بىلەن قوراللاندۇرۇش ۋە ئىچكى - تاشقى سودىدا نا-

ھايىتى مۇھىم بولغان دىنار ۋە دەرھەم ئۈچۈن، تۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىسقا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى چوڭ ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، كانچىلىق (ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر كانلىرىنى ئېچىش) ۋە مېتال ئېرىتىپ ئۇرۇش قوراللىرىنى ياساش، دىنار، دەرھەم قاتارلىق ئالتۇن، كۈمۈش پۇللارنى كۆپ مىقداردا قۇيۇش يولغا قويۇلدى.

4 - قاراخانىلار دەۋرى، تارىختا خېلى تىنچ، خاتىرجەم ئۆتكەن بىر دەۋر بولدى.

تۆت ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىلار دەۋرىدە قەشقەرىيە، يەتتە سۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر ئاساسەن تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشىدى. قاراخانىلار دەۋرىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەرنى ئەسكە ئالغاندا، مىلادىنىڭ 1006 - يىلى ۋە 1008 - يىلى قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىيلەر ئارىسىدا ئىككى قېتىم ئۇرۇش بولغاندىن باشقا خوشنا دۆلەتلەر (ئاساسەن غەزنەۋىيلەر بىلەن سالجۇقلار ئارىسىدا) ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەرمىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇشلار توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا، ئېلى تىگىن ئىسيانى ۋە تەخت ئۈچۈن بولغان ئانچە-مۇنچە كۆرەشلەردىن باشقا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋە كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇشلارمۇ بولمىدى.

قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاساسەن تىنچ ۋە خاتىرجەم بىر دەۋر بولۇشى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ياخشى ئىمكانىيەت ياراتقان.

5 - قاراخانىلار خاقانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى دىگۈدەك مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇلار ئەقىللىق، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، ئەخلاقلىق كىشىلەرنى بەكمۇ قەدىرلىگەن. دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا، ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ بىلىملىك (بولۇپمۇ ئاسترونومىيە، تىبابەت، ئەدەبىيات جەھەتلەردە) كىشىلەرنى ناھايىتى يۇقىرى مەنسەپلەرگە تەيىنلىگەن.

قەدىمكى چاغدىكى فېئوداللىق دۆلەتنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئوردىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە خان جەمەتىدىن بولمىغان كىشىلەرنىڭ تەيىنلىنىشى تەس ئىدى. ئۇيغۇر، ئوغۇزخانلىرى بولسا يۇقىرىدىكى ئەنئەنىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي، خان جەمەتىدىن بولمىغان ھەتتا باشقا مىللەتتىن كېلىپ چىققان كىشىلەرنىمۇ ئەقىللىق، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، ئەخلاقلىق بولسىلا، ئەڭ يۇقىرى ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىدى.

ئۇيغۇر، ئوغۇزخاقانلىرىنىڭ ئەنە شۇ خىسلىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر نەچچە مىسال كەلتۈرىمىز.

مىلادىنىڭ 1069 - يىلى ياكى 1070 - يىلى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ ئورۇن باسار خاقانى ئەبۇئەلى ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ئۆزىگە تەقدىم قىلىنغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئارقىلىق يۈسۈپنىڭ ئەڭ بىلىملىك، ئەڭ مەدەنىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە ئۇنى دەرھال قەدىرلەپ قاراخانى خاقانلىرىغا ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان ئورۇندا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەپ ئۇنىڭغا «ئۇلۇغ خاس ھاجىپ» ئۇنۋانىنى بەرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتمەن ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسىمۇ، قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان شاھزادىلەردىن ئەمەس ئىدى.

ئۇلۇغ سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورلىرىدىن ئالپئارسلان (مىلادىنىڭ 1063- يىلىدىن 1072 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان)، مەلىك شاھ (مىلادىنىڭ 1072 - يىلىدىن 1092 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) نىڭ باش ۋەزىرى

نىزام ئەلمۇلنىڭ (مىلادىنىڭ 1018 - يىلى تۇغۇلۇپ 1092 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) سالجۇق ئوغۇزلىرىدىن بولماستىن ئىرانلىق پارس ئىدى. نىزام ئەل مۇلك ئۇلۇغ سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسىدە 30 يىل (مىلادىنىڭ 1063 - يىلىدىن 1092 - يىلىغىچە) باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە ئۇنىڭ «سىياسەتنامە» سى بويىچە ئىدارە قىلىنغان ئۇلۇغ سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ سەلتەنەتلىك بىر باسقۇچقا كىرگەنىدى. مانا شۇ مەزگىلدە نىزام ئەل مۇلكنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باغداد، ئىسپاھان، بەسرە، شاپۇر، ھىرات، مەرۋى قاتارلىق شەھەرلەردە نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپلەر («مەدرىس»لەر) قۇرۇلغان.

«تارىخىي مەسئۇدى» (30 توملۇق ئەسەر) نىڭ ئاپتورى ئەبۇل پەزلى مۇھەممەد بىننى ھۈسەيىن بەيھاكى (مىلادىنىڭ 996- يىلى تۇغۇلۇپ 1077- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىدا 20 يىل (مىلادىنىڭ 1021 - يىلىدىن 1041-يىلىغىچە) تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بولغان.

ئوغۇزلار (ئالىپ تېكىندىن تارتىپ سەبۇق تېكىنگىچە) ۋە قارلۇقلار (سەبۇق تېكىندىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرقى غەزنەۋى سۇلتانى خىسراۋ مەلىككىچە) دىن كېلىپ چىققان غەزنەۋى سۇلتانلىرىدىن، سۇلتانى مەھمۇد (مىلادىنىڭ 998-يىلىدىن 1030- يىلىغىچە سۇلتان بولغان)، سۇلتانى مەسئۇد (مىلادىنىڭ 1030 - يىلىدىن 1041-يىلىغىچە سۇلتان بولغان) لار ئىرانلىق پارس بەيھاكىنى ناھايىتى ئىززەتلەپ ۋە ھۆرمەتلەپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىگە قويغان.

12 - ئەسىردە ياشىغان تارىخچى نىزام ھارون سەمەرقەندىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا. غەربىي قاراخانىلار (1212- 1040) نىڭ خاقانلىرىدىن خىزىرخان (مىلادىنىڭ 1080-يىلىدىن 1081-يىلىغىچە خاقان بولغان) دانا، ئادىل ۋە شائىرلارنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان خاقان ئىدى. ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى قوبۇلخانىسىغا تۆت ياغاچ ئاياق (ياغاچ لەگەن) قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر لەگەندە 250 دىنار (ئالتۇن پۇل - تەڭگە) قويۇلغان. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خىزىرخان مانا تۆت لەگەندىكى 1000 دىنارنى بىر شائىرغا ئىنئام قىلغان. خىزىرخاننىڭ شائىر يازغان شېئىرنىڭ ناھايىتى يۈكسەك سەۋىيىدە بولغانلىقى (مەزمۇنى ۋە بەدىئىي جەھەتلەردە) ئۈچۈن 1000 دىنارنى ئىنئام قىلغانلىقى، قاراخانى خاقانلىرىنىڭ تالانتلىق شائىرلارنى قەدىرلىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

6- قاراخانىلار دۆلىتى بىلەن دۇنيادىكى مەشھۇر مەدەنىي دۆلەتلەر ئارىسىدا يولغا قويۇلغان ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىيە تەرەپلەردىكى ئالاقىلاردىن تاشقىرى ئۆزئارا ناھايىتى قويۇق بولغان مەدەنىيەت ئالاقىسى. بولۇپمۇ مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەنىۋى يېقىنلىق ۋە ئالاقىلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك تەسىر قىلدى.

قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەدىمكى ئۇيغۇر ئورخۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ئاساسىدا تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى ئىدى.

يۇقىرىدىكى بىر قانچە سەۋەبلەر، قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يۈكسەك بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئۇيغۇر ئىش دەۋرى» نى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن شانلىق مەنزىرىنى ياراتقان.

# سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئىمادىدىن كاشغەرىنىڭ بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇساھىبىسى (سۆھبىتى)

مۇھەممەد ئوسمان

قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ سۇلتانلىرىدىن بولغان مەشھۇر سۇلتان سۇتۇق (ئۇلۇغ) بۇغراخاننىڭ دۆلىتىدىكى خەلق ئۇيغۇر (قارلۇق، ياغما، توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى) بولۇپ، ئۇ، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. كېسەل بولغۇچىلارنى ئۇچراتقاندا داۋالىنىشقا بۇيرۇيتتى. ھەتتا ئۆزىمۇ داۋالايتتى. شۇنىڭدەك تىببىي ئالىملار ۋە شۇناسلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارنىڭ ئىلمىي سۆھبەتلىرىدە بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەجرىبىلىرىدىن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىناتتى.

بۇ ماقالىدا تىببىي مەسلىھەتنى كۆزدە تۇتقان ھالدا قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر تىببىي ئالىم ئىمادىدىن كاشغەرى بىلەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بىر قېتىملىق مۇساھىبىسىنى (سۆھبىتىنى) كىتابخانلىرىمىزنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشى ئۈچۈن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

سۆھبەت تۆۋەندىكىچە:

**سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان:** (ئىمادىدىنغا قاراپ) سىز مۇنچە سالاھىيەتنى قەيەردە ئوقۇپ ھاسىل قىلغانسىز؟

**ئىمادىدىن كاشغەرى:** (جاۋاب ئىشارىتى بىلەن) مەن مەدرىسەئى ساچىيەدە ئوقۇپ ھاسىل قىلغان.

**بۇغراخان:** سىز ئۇيغۇرنىڭ قارلۇق قەبىلىسىدىنمۇ؟

**ئىمادىدىن:** مەن ئۇيغۇر بولغاندىمۇ كاشغەرىمەن.

**بۇغراخان:** ھۈنەرلىرىڭىزدىن مۇھىملىرى نېمە؟

**ئىمادىدىن:** ئەمچى ـ ئاتاچى (تېۋىپلىك).

**بۇغراخان:** شۆھرەتپەرەست، باش-باشتاق، ئىتتىپاق ئۆتمەيدىغان قىسمەن قەشقەرلەر، ئەمچىلەرگە ئۆزىنى داۋالىتىپ نېمە قىلىدۇ؟

**ئىمادىدىن:** ھەي بۈيۈك قاغانىم! ئەنە شۇنداق ئادەملەر باشقىلاردىن ئارتۇقراق ئەمچىگە مۇھتاج بولىدۇ. ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئەقىللىرىگە، ئاندىن كۆزلىرىگە ۋە ئۇندىن كېيىن بەدەنلىرىگە ئەمچى-ئاتاچى لازىم بولىدۇ.

**بۇغراخان:** ئۇلارغا داۋانىڭ لازىملىقىنى قانداق ئۇقتۇرالايسىز.

**ئىمادىدىن:** تەگرىم بەندىلەرنىڭ ھەرقايسىسىغا لايىق رىسقى تەقسىم قىلىپ بەرگەنگە ئوخشاش ئەقىلنىمۇ تەقسىم قىلىپ بەرگەن. شۇ

## تارىختىن سۆز

تەقسىمدىن ھەر بىرىگە تېگىشلىك ھەسسە بۆلگەن. باشقا تۈرك ئايماقلىرىدا بولغىنىغا ئوخشاش قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدىمۇ ئالىم ھەم جاھىللىرى، تەدبىرلىك – تەدبىرسىزلىرى، ئىشچان ۋە ھورۇنلىرى باردۇر. بۇ بولسا تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىدۇر.

بۇغراخان: قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەنە قانداق ئەتىۋارلىق خۇلقى ئەتىۋارلىرى بار؟

ئىمادىدىن: قەشقەرلىكلەر – سېخى، يۈرەكلىك، باھادىر، كاتتىلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان، كىچىكلەرنى ھىمايە قىلىدىغان، سۆزلىرى توغرا، مۇلايىم، ئوچۇق يۈزلۈك، نەسەپ ھەسەبلىرى پاك، ئىززىتى نەپسىلىك، ئەمەلىيەتنى كۆرمىسە ئىقرار قىلمايدىغان جامائەدۇر دېدى.

ئۇلۇغ بۇغراخان ئالىم ئىمادىدىننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەبەسسۇم بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ كۈلدى، ۋەزىرلەردىن ئوبۇل پەتتا ھەم نەخمىدىن ھەتتار قاتارلىقلارغا قاراپ:

– بۇ كىشى ئەھلى قەشقەرلىكلەرنى تارتىنماي ماختىدى. راست سۆزلۈك، سالاپەتلىك، ئەقىللىق كىشى بولۇشى ئېھتىمال دېدى ۋە ئىمادىدىنغا يېنىدا ئولتۇرۇشقا ئىما قىلدى. يېڭىدىن سۆز باشلاپ، ئىلمىي تىپ مەشغۇلىيىتىنى، مەلۇماتىنى سىناپ كۆرمەك بولۇپ، مۇنداق دېدى:

بۇغراخان: تىپنىڭ ئەسلى مەقسىتى نېمىدىن ئىبارەت؟

ئىمادىدىن: تويغاندا ئارتۇق يېمەسلىك، تاقىتىدىن ئارتۇق ئىشلىمەسلىكتۇر.

بۇغراخان: ھاياتتا ئەڭ زىيانلىق نەرسە نېمە؟

ئىمادىدىن: بىر قېتىم يېگەن تاماق سىڭىپ بولمىغىچە ئىككىنچى قېتىم تاماق يېمەسلىك، تەجرىبىلەردىن پەرەز قىلىپ كۆرگەندە «دۇنيادا ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەرگە قارىغاندا كۆپ يەپ ئۆلگۈچىلەر كۆپرەكتۇر».

بۇغراخان؟ ھاممامغا كىرىپ يۇيۇنۇش ھەققىدە نېمە دەيسىز؟

ئىمادىدىن: ئۇيقىدىن قوپقان پېتى ھاممامغا كىرمەسلىك، مەست ھالەتتە خوتۇنىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىق، ئاچچىق كەلگەن ۋاقىتتا تاماق يېيىشكە ئالدىرىماسلىق كېرەك دەپ قارايمەن. ھەر ۋاقىتتا نورمال ھالەتتە تۇرۇپ تاماق يېيىلسە ئۇيقۇ تىنچ ھەم لەززەتلىك بولىدۇ.

بۇغراخان: دورا ئىستېمال قىلىشتىكى مۇلاھىزىڭىزنى ئاڭلاپ كۆرسەم؟

ئىمادىدىن: سالامەت تۇرغاندا ئىمكان بار دورا يېيىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر ئازراق بولسىمۇ كېسەللىك سېزىلىشكە باشلىسا، تېزدىن كېسەلنى داۋالاپ، دورا ئىستېمال قىلىپ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش زۆرۈر.

بۇغراخان: ئەڭ ياخشى گۆش قايسى؟

ئىمادىدىن: سېمىز بولغان ياش قوي گۆشى ياخشى. پۇراپ قالغان، تۇزلانغان گۆشنى يېيىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۆچكە، كالا، تۆگە گۆشلىرىنىڭ ھەزىم قىلىنىشى ئېغىر ۋە خاسىيەتلىرى دېگەندەك ئەمەس.

بۇغراخان: مېۋە يېيىش ھەققىدە مەسلىھەتىڭىز قانداق؟

ئىمادىدىن: مېۋىلەرنىڭ پىشقىنى ياخشى، شاخ ۋە پىلىكىدىن ئۈزۈپلا يېيىش مەنپەئەتلىكتۇر. ۋاقتى ئۆتكەن مېۋىنى يېيىشتىن ساقلىنىش لازىم.

بۇغراخان: سۇ ئىچىش ھەققىدىچۇ؟

ئىمادىدىن: سۇ پاكىزە ھەم سوغۇق بولسا، نورمىدىن ئارتۇق ئىچىلمىسە ئەڭ پايدىلىق ئىچىملىكتۇر. بەدەننىڭ قۇۋۋىتىنى ۋە ھاياتىنى ياخشى ساقلاش ئۈچۈن غايەت پايدىلىقتۇر. پەقەت ئۇخلاپ ئورنىدىن تۇرۇپلا سۇ ئىچىش زىيانلىق.

بۇغراخان: سۈتنىڭ تەمى قانداق بولىدۇ؟

www.uyghurkitap.com

ئىمادىددىن: ئىنساندا بولغان ھايات ۋە جانغا ئوخشاش، بۇنى سۆز بىلەن ئاڭلىتىپ، تەرىپ بىلەن ئۇقتۇرۇپ بولمايدۇ.

بۇغراخان: ئۇنداق بولسا، سۇنىڭ رەڭگى قانداق بولىدۇ؟

ئىمادىددىن: سۇنىڭ ئىچىدە نېمە بار بولسا، رەڭگى شۇنداق بولىدۇ.

بۇغراخان: ئىنساننىڭ ئەسلى (ئاساسى) نەدە؟

ئىمادىددىن: بېشىدا.

بۇغراخان: بەدەندە نەچچە تۆرلۈك تەبىئەت بار؟

ئىمادىددىن: تۆت تۆرلۈك تەبىئەت بولۇر.

بىرىنچى: سەۋدايى — قۇرغاققا مايىل بولۇر.

ئىككىنچى: سەپرا — قىزىققا مايىل بولۇر.

ئۈچىنچى: بەلغەم — ھۆللۈككە مايىل بولۇر.

تۆتىنچى: شامال — قۇرغاققا مايىل بولۇر.

(ئابى، ئاتەش، بادى، خاك. سۇ، ئوت، شامال، تۇپراق.)

بۇغراخان: ئىنسانلار نېمىشقا بىر خىل تەبىئەتتە بولمىغاندۇرلەر؟

ئىمادىددىن: ئۇنداق بولغاندا ئادەملەر يېمەيدىغان، ئىچمەيدىغان، ئاغرىمايدىغان، ئۆلمەيدىغان بولۇپ، ھەمىشە تۇرۇشى لازىم.

بۇغراخان: نېمىدىن ساقلىنىش لازىم؟

ئىمادىددىن: ئىنسان ھەممە نەرسىدە ئوتتۇراھال بولۇشقا تىرىشماق لازىم. تويغاندىن كېيىن ئارتۇقچە زورلاپ يېمەسلىك كېرەك، ئەگەر شۇنداق بولغاندا كۆڭۈلنىڭ تارىيىشىغا، ئۆمۈرنىڭ قىسقا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. زەردى مەلۇم بولغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلماسلىق، نەپسىنىڭ راھىتىنى بەدەن راھىتىدىن، سالامەتلىكتىن ئىلگىرى قويۇش — ئەقىلسىز ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەستۇر، «قاغانىم» دەپ تازىم قىلدى.

سۆھبەت ئاياقلاشقاندا ئۇلۇغ بۇغراخان ئىمادىددىندىن خۇرسەن بولۇپ، نۇرغۇن ھەدىيەلەرنى ئىنئام قىلغاندىن تاشقىرى، سەرمۇنشى (باش كاتىپ)غا ئىمادىددىننىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈپ ئېلىپ، كىتابلارغا قەيت قىلىشنى ئەمىر قىلمىشتۇر.

---

(بېشى 79 ـ بەتتە)

نارازى بولۇپ ئۆتىدۇ-دە! بۇچۇ؟ بۇ، تەمسىز ئەسەرلەرنى ماختاپ يۈرۈپ كۆزىنى يۇمدى، — دېدى.

ماكسىم گوركى قاپىقىنى تۈرۈپ ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ غوللۇق بەستىدىن «بۇ يىگىت ئادەم دېگەن نامغا لايىق ئەمگەك قىلالىغىنى يوق» دېگەن ئالامەت چىقىپ تۇراتتى.

— مەن دولۇنغا ئوخشاش نېمىلەرنى مۇجۇپ - مۇجۇپ قويارىدىم، — دەپ ماياكوۋسكى پۈتۈن ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىغاندا، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام چۈشۈم ئىكەن.

مۇندىن كېيىن مەنمۇ ئەسەرلەرنى يېزىپ ماختىنىۋەرسەم ئوڭۇمدىمۇ شۇنداق ۋەقەگە دۇچ كېلىدىغاندەك بولۇپ يۈرىكىم سېلىپ، تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقماي چىقتىم.

---

«ياش كوممۇنىست» ژۇرنىلىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رازىيە ئىمىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


# يېڭىدىن ئىختىرا قىلىنغان قوش دەستىلىك ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابى — دىلتار

ئىمىن راشىدىن    زۇنۇن باقى



خوتەن ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىدىكى ياش مۇقامچى ئابدۇللا مەجنۇن ئۇزۇن ۋاقىت تەتقىق قىلىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق، يېقىندا يېڭىدىن بىر خىل قوش دەستىلىك چالغۇ ئەسۋابىنى لايىھىلەپ چىققانىدى، خوتەنلىك دېھقان ئوبۇلقاسىم ئۇستام ئۇنى لايىھەگە ئاساسەن يۇقىرى ماھارەت بىلەن ياساپ چىقتى. بۇ خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ باڭراق ۋە يېقىملىق ساداسى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان تۇيغۇ بەخش ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «دىلتار» دەپ نام قويۇلدى.

دىلتار قارىماققا خۇددى قوش دەستىلىك چوڭ دۇتارغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ دەستە ئورنىتىلغان بويىنى دۇتارنىڭ بويىنىدىن چوڭ. بىرىنچى دەستىسىنىڭ ئاۋاز ئارىلىقى 130 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭغا قاتار قىلىپ 14 دانە تۇلاق ئورنىتىلغان. ئىككىنچى دەستىسىنىڭ ئاۋاز ئارىلىقى 85 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ قاتار قىلىپ 16 دانە قۇلاق ئورنىتىلغان. كىلىسى (قۇرسىقى)غا ھەر بىرى سەككىز سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى دانە خەرەك ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ خەرەكلەر ئارغىماق (ئات) شەكلىدە ياسالغان. دىلتارنىڭ ھەر ئىككى قۇببىسى (دەستىسىنىڭ ئۇچى) مىللىيچە ئىمارەت راۋىقىنىڭ شەكلىدە ياسالغان. دىلتارنى چالغاندا پەدە باسقۇچى بارماقلار ئىككى دەستىنىڭ ئارىلىقىدا ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدۇ. دىلتار كاسىسىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا (سىم چىقىرىدىغان يەرگە) قانىتىنى كېرىپ تۇرغان بۈركۈتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئەڭ تۆۋەنكى قىسمىغا دىيەك ئورنىتىلغان. دىلتارنىڭ بويىنىڭ ئىككى تەرىپىگە يۇمىلاق شەكىللىك كۆكرەكلىك چىقىرىلغان، دىلتارنى زەخمەك بىلەن (چېكىپ) چالغاندا، ئاستىنقى تەرەپكە ئورنىتىلغا كۆكرەكلىك تىزغا تاقىلىپ، ئېغىرلىق بېسىمىنىڭ پەدە باسقان قولغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. دىلتارنىڭ سىرتقى يۈزى ئاق ۋە قارا سۆڭەك پارچىلىرى بىلەن چىرايلىق، كۆركەم نەقىش چىقىرىلىپ ئىشلەنگەن.



دىلتارنىڭ مۇنداق تۆت خىل ئالاھىدىلىكى بار: (1) دىلتارنىڭ ئاۋازى دۇتارنىڭكىدەك بوش

ئەمەس، راۋاب، تەمبۇرنىڭكىدەك قاتتىقمۇ ئەمەس، ساتارنىڭكىدەك ئاۋازى بىردەك ئەمەس بولۇپ، كىشىگە سىتېرېئولۇق تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ. (2) ئۇنىۋېرسال خۇسۇسىيەتكە ئىگە. دىلتارنىڭ ئۇزۇن دەستىسىنى ساتار ئورنىدا چالغىلى بولسا، ئۇنىڭ قىسقا دەستىسىنى راۋاب، تەمبۇر، گىتار ئورنىدا چالغىلى بولىدۇ. (3) دىلتارنى چېلىش ئارقىلىق يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئاۋازلارنى چىقارغىلى بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دىلتار ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئاۋازىنىلا چىقىرىدىغان، تۆۋەن ئاۋازنى تولۇق چىقىرالماسلىقتەك يېتەرسىزلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلىدى دېيىشكە بولىدۇ. (4) دىلتارنىڭ ئاۋازى خۇددى سىتېرېئو ئاۋازلىق مۇزىكىلارغا ئوخشاش يېقىملىق. ئۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، بىر دەستىدىكى ئاساسلىق تارلار تىترىگەندە، يەنە بىر دەستىدىكى تارلارنىڭ مۇناسىپ ھالدا ئەكس سادا قايتۇرغانلىقىدۇر.

دىلتارنىڭ بىرىنچى دەستىسىدىكى بىرىنچى سىم ئاساسىي سىم بولۇپ، قالغان 13 تال سىم سادا قايتۇرىدۇ. ئىككىنچى دەستىسىدىكى بەش تال سىم ئاساسىي سىم بولۇپ، قالغان 11 تال سىم سادا قايتۇرىدۇ، ئاساسىي سىم بىلەن قالغان سىملارنىڭ ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق بولۇپ ئاڭلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، دىلتار ئارقىلىق مۇقام ئاھاڭلىرىدىكى خىلمۇ-خىل نازۇك ئۆزگىرىشلەرنى تولۇق ئىپادىلىگىلى، ھەتتا ئاكورتلۇق ئاھاڭلارنىمۇ چىقارغىلى بولىدۇ.

**ئاپتونوم رايونىمىزدىن «مەملىكەتلىك 1986-يىللىق خەلق مۇزىكىسى، خەلق ئۇسسۇلى مۇسابىقىسى» گە قاتناشتۇرۇلىدىغان ناخشا-ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى باھالاپ-تاللاش پائالىيىتى ئاياقلاشتى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن رادىئو-تېلېۋىزىيە نازارىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى كونكېرت مەسئۇل بولغان «ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەلق مۇزىكىسى ۋە خەلق ئۇسسۇلىنى باھالاپ-تاللاش پائالىيىتى» 8-ئاينىڭ 11-كۈنى باشلىنىپ، 8-ئاينىڭ 15-كۈنى ئاياقلاشتى.

بۇ پائالىيەتكە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن 100 دىن ئارتۇق ناخشا-ئۇسسۇل نومۇرلىرىنىڭ سىنئالغۇغا ئېلىنغان نۇسخىسى قاتناشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى (تەييارلىق) قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى ۋە كەسپىي خادىملاردىن تەركىب تاپقان باھالاپ تاللاش ھەيئىتى «مەملىكەتلىك خەلق مۇزىكىسى، خەلق ئۇسسۇلى مۇسابىقىسى» غا قاتناشتۇرۇلىدىغان نومۇرلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەرگە ئاساسەن، ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، باھالاش ئارقىلىق مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان نومۇرلارنى تاللاپ چىقتى. ئاخىرىدا 10 نومۇر تاللاپ بېكىتىلدى. بۇ نومۇرلار: «قومۇل خەلق ئۇسسۇلى»، موڭغۇلچە ئۇسسۇل «يۇرتقا مۇھەببەت»، شىبەچە ئۇسسۇل «توي شاتلىقى»، رۇس خەلق ئۇسسۇلى «ئادنوچكا» ۋە دىلتارنىڭ ساتار قىسمى بىلەن ئورۇنلانغان ناخشا «ئەجەم مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى»، دومبۇرا بىلەن ئورۇنلانغان مۇزىكا «قىران بۈركۈت»، دومبۇرا بىلەن ئورۇنلانغان ئايالچە «ناخشا - قىزلار»، ساتار بىلەن ئورۇنلانغان ناخشا «چارىگاھ مۇقامىدىن پارچە»، ئايالچە يالغۇز كىشىلىك ناخشا «بۇلبۇلجان»، قىرغىزچە قوش ئاۋازلىق ناخشا «گۈزەل تېكەس» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونىمىزدىن تاللاپ بېكىتىلگەن بۇ نومۇرلار تەجرىبىلىك سەنئەت ئۇستازلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە رېپېتىتسىيە قىلىنىپ، سۈپەت جەھەتتىن ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن سىنئالغۇغا ئېلىنىپ بېيجىڭغا ئەۋەتىلدى.

مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى بىلەن رادىئو-كىنو-تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىقى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «مەملىكەتلىك خەلق مۇزىكىسى، خەلق ئۇسسۇلى مۇسابىقىسى»نىڭ باھالاپ-تاللاش يىغىنى بۇ يىل 10-ئاينىڭ 15-كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلىپ، مەملىكەتلىك مۇسابىقىدا 2-دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن نومۇرلار 12-ئايدا پايتەختتىكى كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

زۇنۇن باقى



# چوپان يېزىسىدىكى قىزىقارلىق ئادەتلەر

كېرەم نىياز

قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چوپان يېزىسى ناھىيە بازىرىدىن 80نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، كوئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى بىر جىلغا ئىچىگە جايلاشقان. بۇ يېزىدىكى ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز خەلقلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئىناق ياشاپ، جىلغا ئىچىدە يەر تېرىپ، تاغ ئۈستىدە چارۋا بېقىپ كەلمەكتە. مەن مۇشۇ يېزىدا ياشاپ، خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، بۇ يېزىنىڭ «ئۆرپ - ئادەتلىرى»نى تەتقىق قىلىش نىيىتىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىم سۈپىتىدە چوپان يېزىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئۈچ تۈرلۈك قىزىقارلىق ئادەتنى قىسقىچە بايان قىلماقچىمەن.

### يېڭىلىق تۇتۇش



باش باھار يېتىپ كېلىش بىلەن، چوپانلىقلار، كونا يىلنى ئۇزىتىپ يېڭى يىلغا ساق - سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش، يېڭى يىلدىكى ھاياتىدىن كۈتىدىغان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن بىر - بىرىگە يېڭىلىق تۇتۇشىدۇ.

يېڭىلىق تۇتۇشنى ئىختىيار قىلغۇچىلار، ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ قۇياش نۇرى بالدۇر ھەم كۆپ چۈشىدىغان جايلىرىدا ھەر كۈنى بىرقېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ، بۇغداي مايسىلىرى ۋە تۈرلۈك گىيالارنىڭ ياشارغان - ياشارمىغانلىقىنى كۈزىتىدۇ. مايسا ياكى گىيا يەردىن كۆتۈرۈلۈپ يېشىل رەڭ ئالغان ھامان 10 تالدىن 15 تالغىچە يۇلۇۋېلىپ، ئىككى بېشىنى تەڭ قىلىپ رەتلەپ، رەڭدار يىپ بىلەن باغلاپ، كۆڭلى خالىغان كىشىگە تۇتىدۇ. يېڭىلىق تۇتۇش ئارقىلىق قىزلار يىگىتلەرگە، يىگىتلەر قىزلارغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. بۇ ئادەت — پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىغا يېڭىلىق تۇتۇپ، ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈشىنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ.

يېڭىلىق قوبۇل قىلغۇچى تۇتۇلغان يېڭىلىقنى خۇشاللىق بىلەن قولىغا ئېلىپ «ھەشقاللا» دەيدۇ ھەمدە يېڭىلىقنى كۆزىگە سۈرتۈپ،

## ئۆرپ - ئادەتلەر

يۇرايدۇ. ئاندىن كېيىن يىگىلىق تۇتقۇچىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بىرەر نەرسە ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىدۇ. ۋەدىگە ئاساسەن، يىگىت، قىزغا دوپپا ياكى رومال، قىز، يىگىتكە بىر كىيىملىك رەخت ئېلىپ بېرىدۇ. ۋەدە قىلىنغان شۇ نەرسە شۇ يىلى كۈزدە يەنى گۈل - گىيالار قۇرۇپ قاقشال بولۇشتىن ئىلگىرى يىگىلىق تۇتقۇچىنىڭ قولىغا تېگىشى شەرت. ۋەدىسىنى ئورۇنلىمىغۇچىلار «ۋاپاسىز» دەپ ئەيىبلىنىدۇ. ھەتتا ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق تۈپەيلىدىن بەزى قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى بۇزۇلۇپمۇ كېتىدۇ.

## قوشماق يېيىشىش

قوشماق يېيىشىش — چوپان خەلقى ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن ئويۇنلارنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن سەگەكلىكنى، مەرتلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

چوپانلىقلار ئۆرۈك ياكى ئۆرۈك قېقى يېگەندە، ئۆرۈكچىسىنى چېقىپ، مېغىزىنىمۇ قوشۇپ يەيدۇ. بەزى ئۆرۈكچىنىڭ ئىچىدىن قوش مېغىز چىقىدۇ. قوش مېغىز نىسىپ بولغان كىشى قوش مېغىزغا ئېرىشكەنلىكىدىن بەكمۇ خۇش بولىدۇ. قوشماق مېغىزنى ئەتراپىدىكىلەرگە كۆرسىتىپ: «كىم مەن بىلەن قوشماق يېيىشىدۇ» دەيدۇ. قوشماق يېيىشىشنى خالىغان كىشى «مانا مەن» دەپ ئالدىغا چىقىپ، قوش مېغىزنىڭ بىرىنى قولىغا ئالىدۇ. بۇ چاغدا ئىككىسى ئالدىن كېلىشىپ بېكىتىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىرى، ئۇتتۇرۇۋەتكەن تەرەپنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيىتى؛ يەنە بىرى، يېيىشىدىغان قوشماقنىڭ تۈرى. كېڭەش پىشقاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ قولىدىكى مېغىزنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ يەيدۇ.

ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بېكىتكەن، ئۇتتۇرۇۋەتكۈچىنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيىتى — دوست - يارەنلەرنى زىياپەتكە چاقىرىش، مەشرەپ قىلىپ بېرىش، ئۇتتۇۋالغۇچىغا بىرەر نەرسە (دوپپا، رومال، ياكى بىرەر كىيىملىك رەخت) تەقدىم قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بېكىتكەن يېيىشمەكچى بولغان قوشماقنىڭ تۈرى ئۈچ خىل بولىدۇ (1) قول قوشمىقى؛ (2) «ھە» قوشمىقى؛ (3) سەھەر قوشمىقى.

قوشماق يېيىشكۈچىلەر سەگەك تۇرۇشى شەرت. قوشماق يېيىشكۈچىنىڭ قايسى بىرى بىخۇتلۇق قىلسا ئۇتتۇرۇۋېتىدۇ.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوشماق ئاداش» — ئۇتتۇۋالغانلىقنىڭ جاكانامىسى بولىدۇ.

**قول قوشمىقى:** قوشماق يېيىشكۈچىلەر ئۆزىنى سەگەك، يەنە بىر تەرەپنى بىخۇت ھېسابلايدۇ، بىخۇت ھېسابلانغۇچىمۇ قوشماق يېيىشكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارماسلىققا تىرىشىدۇ. قايسى ئۆزىنى سەگەك ھېسابلىسا، ئىككىنچى تەرەپكە بىرەر جىسىمنى سۇنىدۇ. ئىككىنچى تەرەپمۇ سەگەك تۇرغان بولسا «ئېسىمدە بار» دەپلا سۇنغان نەرسىنى قولىغا ئالمايدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىرەر جىسىمنى تۇتتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىش، تۇتماسلىق تەكرارلىنىپلا تۇرىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىدىن سەگەك تۇرسا، بۇنداق تەكرارلىنىش ئىككى ئۈچ كۈنگىچە داۋام ئېتىشىمۇ مۇمكىن. ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ھامان بىر تەرەپ بىخۇتلىشىپ، سەگەك تۇرغان تەرەپنىڭ ئۇزاتقان نەرسىسىنى قولىغا ئالىدۇ. بىخۇتلاشقان تەرەپ پەقەت سەگەك تۇرغان تەرەپنىڭ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوشماق ئاداش» دېگىنىنى ئاڭلىغاندىلا ئۆزىنىڭ ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكىنى بىلىدۇ.

**«ھە» قوشمىقى:** «ھە» قوشمىقىنىڭ ئۇتتۇۋېلىش — ئۇتتۇرۇۋېتىش جەريانى ئاساسىي جەھەتتىن قول قوشمىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قوشماق يېيىشكۈچى ئىككى تەرەپ پات - پات بىر-بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىدۇ. ئىككىنچى بىر تەرەپ سەگەك تۇرغان بولسا «ئېسىمدە بار» دەپلا چاقىرىشنى بىكار قىلىدۇ. قوشماق يېيىشكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ بىخۇت تۇرغان بولسا «ھە» دەيدۇ. «ھە» بىلەن تەڭ «ھە» دېگۈچىنىڭ ئىسمىنى چاقىرغان تەرەپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوشماق ئاداش» دەۋالىدۇ. بۇ — «ھە» دېگۈچىنىڭ ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**سەھەر قوشمىقى:** سەھەر قوشمىقى يېيىشكۈ-

www.uyghurkitap.com

چىلەر، قوشماق يېپىشكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارماي، كەم ئۇخلاپ، سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر - بىرىنى ئۇتتۇۋېلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. قوشماق يېپىشكۈچىلەردىن كىمكى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوشماق ئاداش»نى بالدۇر دېۋالسا، شۇ ئۇتۇۋالغان بولىدۇ. كىمكى بىخۇتلۇق قىلىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوشماق ئاداش» دېۋېلىشتىن كېچىككەن بولسا، شۇ ئۇتتۇرۇۋەتكەن بولىدۇ.

قوشماق يېپىشكۈچىلەر بىر ئائىلىدىكىلەر بولسا، سەھەر ئورنىدىن تۇرغىنى، قوشماق يېپىشكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ تېخى ئورنىدىن تۇرمىغىنىنى چاقىرىپ ئويغىتىپ، ئۇ، كۆزىنى ئېچىپ ئېسىنى يىغىپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوشماق ئاداش» دېۋالىدۇ.

قوشماق يېپىشكۈچىلەر بىر مەھەللىدە بولسا، ئۇتتۇۋېلىش مەقسىتىدە سەھەر ئورنىدىن تۇرغان تەرەپ، ئىككىنچى تەرەپنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭىدۇ. بەزىسى يېرىم يولدا، بەزىسى ئىك-



كىنچى تەرەپنىڭ دەرۋازىسى بېشىدا مۆكۈپ تۇرىدۇ. ئىككىنچى تەرەپمۇ ئۇتتۇۋېلىشنىڭ كويىدا بىرىنچى تەرەپنىڭ ئۆيىگە مېڭىپ يولنى يېرىملاشتۇرغاندا ياكى ئۇتتۇۋېلىشنى خىيالىمۇ كەلتۈرمەي ئىشىكتىن چىقىشىغا بىرىنچى تەرەپ مۆكۈۋالغان يېرىدىن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوشماق ئاداش»نى ئۈنلۈك توۋلاپ ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. ئىككىنچى تەرەپ ئۆزىنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ - يۇ، ئەمما ئۇتتۇرۇۋەتكەن بولىدۇ.

ئۇتتۇرۇۋەتكۈچى تەرەپ، قوشماق يېپىشنىڭ ئالدىدا كېلىشىپ بېكىتكەن مەسئۇلىيەتنى چوقۇم ئادا قىلىدۇ. ئادا قىلمىسا «چىدىماس» دەپ ئەيىبلىنىدۇ. «چىدىماس»لار قاتاردىن چىقىرىۋېتىلىدۇ. بۇنداقلار تەڭ دېمەتلىكلەر ئارا باردى - كەلدى، ئولتۇرۇش - قوپۇش قىلالماي يېتىم هالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

## خالتا ئەۋەتىش



يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، دوست - يارەنلىرىگە، سۆيگۈنىگە خالتا ئەۋەتىش - ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ بىرى. خالتا - خالتا ئەۋەتكۈچىنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى، ئۇرۇغ - تۇغقانچىلىق، دوست - يارەنلىك، سۆيگۈنىگە بولغان مۇھەببەت رىشتىسىنى ئۈزمىگەنلىكىنىڭ نىشانىسى.

چوپان خەلقىنىڭ بىر - بىرىگە ئەۋەتىدىغان خالتىلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، خالتا ئارقىلىق تىرىكلىكتىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - يارەنلىرى ۋە سۆيگۈنىگە بولغان مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ ئۈزۈلمىگەنلىكى-

دىن بېشارەت بەرگەنلىكىسىرتىدا، خالتىنا ئەۋەتكۈچىنىڭ خالتىنا قوبۇل قىلغۇچىغا دېمەكچى بولغانلىرىنى ئىزھار قىلىش رولىنىمۇ ئۆتەيدۇ. يىراقتىكى ئاتا - ئانىسىغا، ئوغۇل - قىزلىرىغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، دوست - يارەنلىرىگە ۋە سۆيگۈنىگە ئەۋەتكەن خالتىنىڭ ئىچىگە ياڭاق، قاق، مېغىز، قۇرۇت ... قاتارلىق قۇرۇق يېمەكلىكلەرنى سالغىنىلىكىسىرتىدا، بىر تال (دانە) دىن شېغىل تاش، ئوتۇن كۆمۈرى، ئۇچار قۇشنىڭ پېيى، سامان قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ سېلىپ قويىدۇ. خالتىنىڭ ئاغزىنى تىككەندە، بىر بۇرجىكىنى ئارقىسىغا ياندۇرۇپ، خالتىنىڭ يان تەرىپىگە چاپلاپ تىكىۋېتىدۇ. خالتىغا سېلىنغان قۇرۇق يېمەكتىن باشقىسى ۋە خالتىنىڭ غەلىتە تىكىلىشى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇنداق مەنالارنى بىلدۈرىدۇ:

**خالتىنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئارقىسىغا ياندۇرۇپ تىكىش:** سىز يېنىمدا بولمىغاچقا بويۇنۇمنى قىسىپ غېرىب بولۇپ قالدىم، بويۇنۇمنى قىسىپ تۇرۇپ، تېزرەك كېلىشىڭىزنى تىلەپ، يولىڭىزغا قاراۋاتىمەن، يولىڭىزغا قاراۋېرىپ بويۇنۇم سىڭايان بولۇپ قالدى دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

**خالتىغا سېلىنغان شېغىل تاش:** ھەجەپمۇ كەلمىدىڭىز، مېنى ئەسلەپمۇ قويمىدىڭىز، باغرىڭىز تاشتىنمۇ قاتتىقمىكەن دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

**خالتىغا سېلىنغان ئوتۇن كۆمۈرى:** سىزنىڭ يىراقلىقىڭىزدا كۆيۈپ ئوچاقتىكى چوغ بولدۇم، ئاخىرى قاپقارا كۆمۈرگە ئايلاندىم دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

**خالتىغا سېلىنغان سامان:** سىزنى سېغىنىپ كېلىمىدىن ئاش ئۆتمەس، كۆزۈمگە ئۇيقا كەلمەس بولۇپ قالدىم. شۇ سەۋەبتىن رەڭگى - روھىم ساماندەك ساغىرىپ كەتتى دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

**خالتىغا سېلىنغان ئۇچار قۇشنىڭ پېيى:** قېشىڭىزغا باراي دېيىمەن، مەنزىل يىراق، بارالمايمەن، ئۇچۇپ باراي دېسەم قانىتىم يوق ئىكەن، ھېچبىر ئىلاجىنى قىلالمىدىم دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىلىرىغا، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئەۋەتىدىغان خالتىلارغا ئوتۇن كۆمۈرى سېلىنمايدۇ.

---

(بېشى 78- بەتتە)

توي ئاخىرلىشىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن (قىز قورساق كۆتەرگەندىن كېيىن) «يۈز ئاچقۇ» تويى («چاچباغ تويى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۆتكۈزۈلۈپ، قىزنىڭ يۈزى ئېچىلىدۇ. بۇ تويدا يۈزى ئېچىلىدىغان قىزغا يەنە بىر يۇرۇش تويلۇق ئېلىنغاندىن باشقا، مەخسۇس گىرىم قىلغۇچىلار تەكلىپ قىلىنىپ قىزنىڭ يۈزىگە ئادەتتىن تاشقىرى مۇبالىغىلىك گىرىملار قىلىنىپ يۈزى يېپىلغان ھالدا سورۇنغا ئېلىپ چىقىلىدۇ ۋە مەشرەپتە ئۇسسۇل ئويناشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. قىز ئۇسسۇلغا چۈشۈپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يىگىت بېشى چاقانلىق بىلەن ئۇنىڭ چۈمبىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، يۈزىنى ئېچىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سورۇندا تەبەسسۇمى كۈلكە كۆتىرىلىپ، مەشرەپ ئېخىمۇ قىزىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا نەغمىچىلەر ئەمەلىي ئەھۋالغا ماسلاشتۇرغان ھالدا، كۆپىنچە مۇنداق قوشاقنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇشىدۇ.

كەچ بولدى، زاۋال بولدى،
يارىمغا ئۇۋال بولدى.
چاچباغنى ئۈزۈن سېلىپ،
بىر ياخشى جۇۋان بولدى.

دولانلىقلارنىڭ «يۈز ئاچقۇ» تويى — نوقۇل ھالدىكى چۈمبەلنى ئېچىپ قويۇشتىنلا ئىبارەت بولماستىن، بەلكى توي قىلغان قىزنىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ تارتىنىشىنى، قورۇنۇشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، توي- تۆكۈن، ھېيت - ئايەم، نەزىر - چىراق، ئۆلۈم - يىتىم قاتارلىق ئىشلاردا ئەھلى جامائەتكە ئارىلىشىپ ئۆتۈشىنى مەقسەت قىلىدۇ. «يۈز ئاچقۇ» تويى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، توي قىلغۇچىلار گۆدەكلىك دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئەل-جامائەت قاتارىغا قوشۇلغان ھېسابلىنىدۇ.

# دولان خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى



تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

دولانلىقلار ئاساسەن تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ غەربىي بۈرجىكىگە جايلاشقان مەكىت ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا، مارالبېشى، يەكەن ۋە يوپۇرغا قاتارلىق مەكىت بىلەن چېگرىلىنىدىغان ناھىيىلەرنىڭ مەكىتكە يېقىن كۆپلىگەن يېزا - كەنتلىرىگىچە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ھازىر «دولان» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ رايون-زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى، خالاستان دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىنىغا جايلاشقان مەكىتنى مەركىزىي نۇقتا قىلىپ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ تاسقىما، ئاۋات يېزىلىرىدىن تاكى مارالبېشىنىڭ سېرىقبۇيا، ئاقساقمارال يېزىلىرىغىچە سوزۇلۇپ بارغان بۇ يېرىم ئاي شەكىلدىكى كەڭ زېمىننىڭ شەرق تەرىپى باشتىن - ئاياق تەكلىماكان چۆللۈكى بىلەن؛ غەربىي تەرىپى زەرەپشان دەرياسى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. تەخمىنەن 33 مىڭ كۋادرات كىلو مېتىر كېلىدىغان، سۇيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان دولانلىقلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 300 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

دولان خەلقى ئارىسىدا «مەسلىھەت چېيى»، «سۈت ھەققى» دېگەندەك ئوخشاش قائىدە - يوسۇنلار ۋە باشقا شەكىلدىكى ئۆزگەرگەن، نىكا سودىلىرى ئەزەلدىنلا يوق بولۇپ، ئوغۇل بىلەن قىز ئۆزئارا پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپتىن بىر نەچچە كىشى قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە بېرىپ، چىرايلىق، ئەدەبلىك سۆزلەر بىلەن ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. قىز تەرەپ مەيلى قوشۇلسۇن ياكى قوشۇلمىسۇن ئالدى بىلەن ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈپ ياخشى مېھمان قىلغاندىن كېيىن، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ جاۋابىدا توي قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، ئىككى تەرەپ شۇ مەيداندىلا تويىنىڭ ۋاقتى، ئېلىنىدىغان تويلۇق قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىدۇ. قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئالدى بىلەن ئەلچىلەرنى مېھمان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەدەبلىك سۆزلەر بىلەن ھۆزۈرخالىق ئېيتىپ (ئەپۇ سوراپ) چىرايلىق ئۇزىتىپ قويىدۇ؛ ئەگەر تويىنى قىلىشقا قوشۇلغان، ئەمما مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن توي ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈش نىيىتى بولسا، ئەلچىلەر «تويلۇق» تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. «تويلۇق تاشلاش» — تويلۇق ئۈچۈن ئېلىنىدىغان بىرەر قىممەتلىك بۇيۇمنى قىزنىڭ ئۆيىدە ئالدۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەشۇ تويىنىڭ ئاللىقاچان قارار قىلىنغانلىقىنىڭ ماددىي پاكىتى ھېسابلىنىدۇ.

تويىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەھلى جامائەت تەكلىپكە ئاساسەن ئاۋۋال قىزنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ چوك ئاممىۋى سورۇن تۈزىدۇ. جامائەت يىغىلىپ، توي داستىخىنى سېلىنىشتىن ئىلگىرى، قۇدىلارغا جۈملىدىن قۇدىلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان-

www.uyghurkitap.com

لىرى، تويى بولىدىغان يىگىتنىڭ ئەل-ئاغىي-
نىلىرىگە «قىزدالىق چايى» بېرىلىدۇ. «قىزدى-
لىق چايى» — قىزدىلارنى ئايرىم مېھمان
قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ داستىخىنى
ئادەتتىكى توي داستىخىنىدىن مول بولىدۇ.

«قىزدىلىق چاي» بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن،
ئەھلى جامائەت تەكلىپكە ئاساسەن چوڭ سو-
رۇنغا كېلىپ، يۇرتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىسى
سورۇننىڭ قاپ ئوتتۇرىدىن، قالغانلار ئۆز سا-
لاھىيىتى بويىچە ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن
باشلاپ تاكى سورۇننىڭ ئاخىرقى چېكىگىچە
قەدەر ئورۇن ئالىدۇ. بۇ خىل ئادەت
ھازىر پېشقەدەملەرنى، بىلىملىكلەرنى
ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت توغرا ئىزغا چۈشكەن
بولسىمۇ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇنىڭ ئەكسى-
چە ئوتتۇل ھالدا، سورۇندىكى ئورۇننى تالىشى-
دىغان ئىش مەۋجۇت بولۇپ، ئۆز ئورنىنىڭ
دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەتتا مەخسۇس
«سورۇنغا چىقىش تويى» ئۆتكۈزۈلەتتى. مۇن-
داق «توي»غا پۈتۈن يۇرت ئەھلى چاقىرىلىپ
ئابرويلۇق 7 — 8 ئادەمگە تون يېپىلغاندىن
باشقا ئونلاپ — يىگىرمىلەپ قويلار سويۇلاتتى.
«مۇنداق توي»نىڭ ئاخىرىدا «يۇرت كاتتىلىرى»،
توي ئىگىسىنىڭ مۇندىن كېيىنكى سورۇنلار-
دىكى ئورنىنى بەلگىلەپ بېرەتتى. چۈنكى
سورۇندا ئولتۇرغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە
خاس ئورنى بولۇپ، بىر توي ئۈچۈن ئونلاپ-
يۈزلەپ قويلار سويۇلىدىغان ئۇ زامانلاردا،
تويغا قاتناشقان ھەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ
سورۇندىكى ئەشۇ ئورنى بويىچە گۆش تەخسىم
قىلىناتتى. يەنى، سورۇننىڭ قاپ ئوتتۇرىدا ئول-
تۇرغان ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىگە «قارچۇغا ئۇچى»①
قويۇلسا، ئۇنىڭ يېنىدىكىلەردىن باشلاپ
ئۆز ئورنىنىڭ ئورۇن دەرىجىسى بويىچە
«يان» ② «ئۇچا» ③ «بوختان» ④ ۋە
«دول»⑤ قويۇلاتتى. ھەر بىر سورۇندا
«قارچۇغا ئۇچى» قويۇلىدىغانلاردىن ئىككى
كىشى، «يان»، «ئۇچا»، «بوختان»، ۋە «دول»

قويۇلىدىغانلاردىن ھەر بىر دەرىجىدە تۆت-
بەشتىن كىشى بولاتتى. بۇلاردىن باشقىلارغا
گۆش بىرخىل پارچىلىنىپ تارقىتىپ بېرىلەتتى.

ھازىر بۇ خىل ئادەت زور دەرىجىدە ئۆز-
گەرگەن بولۇپ، گەرچە تويدا ھەر كىم ئۆز-
نىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن قوي
سويىدىغان يوسۇن ھېلىمۇ مەۋجۇد بولسىمۇ،
لېكىن سورۇن ئەھلىنىڭ سالاھىيىتىگە قاراپ
بەش خىل دەرىجە بويىچە گۆش قويىدىغان
«قائىدە» ئاللىقاچان ئۆزگەرتىلدى.

سورۇن ئەھلىگە داستىخان تارتىل-
غاندىن كېيىن، ئارىدىن بىر كىشى
ئورنىدىن تۇرۇپ جامائەتكە قاراپ ئۈنلۈك
ئاۋازدا: «X X ئاخۇننىڭ بىر ئوغلى چوڭ بو-
لۇپ، XX ئاخۇننىڭ بىر قىزى
بويىغا يېتىپ، XX ئاخۇننىڭ
قىزىنى بالا قىلىۋېلىش ئۈچۈن، جۈملىدىن
بىر جۈپ ياشنى قىيامەتلىك جۈپتى — ئىككا-
لاردىن قىلىپ چېتىپ قويۇش ئۈچۈن XX ئاخۇن-
نىڭ ئازراق تەييارلىقىنى بار ئىكەن...» دېگەن-
دەك تەكەللۇپلارنى بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن،
تويلۇقلارنىڭ ئىسمىنى بىرمۇ بىر ئاتاپ سو-
رۇندىن ئۆتكۈزىدۇ. قىز تەرەپ «ھەشقاللا»
بىلەن تويلۇقلارنى قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن
كېيىن، كۆيئوغۇل بولغۇچىغا ئىپسىل دۇخاۋا
بەلباغدىن بىرنى باغلاپ قويىدۇ. بۇ بىر تە-
رەپتىن ئۇلارنىڭ كۆيئوغۇلدىن كۈتكەن «بەخت-
لىك، ئىناق ئائىلە قۇرۇشقا مەڭگۈ بەل باغلاڭ»
دېگەن سەممىي ئۈمىدىنى ئىپادىلىسە، يەنە
بىر تەرەپتىن توي قىلغان يىگىتنى باشقىلاردىن
پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇ رەسمىيەتلەر ئادا قىلىنىپ بولغاندىن
كېيىن، كىشىلەر ئېلىپ كەلگەن سوغاتلار
بىر كىشى تەرىپىدىن بىرمۇ بىر ئىسمى ئا-
تىلىپ سورۇنغا قويۇلىدۇ. سوغاتلارنىڭ ئىس-
مىنى ئاتاشتا قېلىپلاشقان بىر يۈرۈش سۆزلەر
بولۇپ، رەختلەر ئومۇمەن «بىر كىيىم» دەپ،
نان «بىر توققۇز» دەپ، مېۋە — چېۋە، قوماچ،
تۇخۇم قاتارلىقلار «مانچە خۇن» (لىگەن)دەپ،
پۇل بىر نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇلۇپ ئاتىلىدۇ.
دولانلىقلار ئارىسىدا توي سوغات ئالماي كېلىدى-
غانلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇپ، ھەر ئىككى

①②③④⑤ سورۇن ئەھلىنىڭ سالاھىيەت
دەرىجىسى بويىچە پارچىلانغان گۆشلەرنىڭ نامى
بولۇپ، «قارچۇغا ئۇچى» قوينىڭ ئوتتىن بىر
قىسمىغا «يان» بەشتىن بىر قىسمىغا تەڭ.

www.uyghurkitap.com

تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرى گىلەم، قوي، چامدان... قاتارلىق ئائىلە لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ كەلسە، قول ئىلكىدە يوق، ئەڭ نامرات، يات كىشىلەرمۇ ھېچبولمىغاندا تۆت نان ئالماي تويغا كەلمەيدۇ.

ئېلىپ كېلىنگەن سوغا - سالاملار قوبۇل قىلىنىپ، توي داستىخىنى تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، (توي داستىخىنىدا قورداق، پولو، ئۈچا يەنى پۈتۈن پىشۇرۇلغان قوي گۆش بولىدۇ) نىكاھ ئوقۇش سورۇنى تۈزۈلىدۇ. يىگىت بىلەن قىز ئۆز قولداشلىرى تەرىپىدىن قىز تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىپ (قىز ئۆي ئىچىدە) بىر-بىرىنىڭ جاۋابىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاشقا شارائىت ھازىرلىنىدۇ. نىكاھ قىلغۇچى موللا نىكاھ سۈرىسىگە ئۇلاپلا ئىسلام دىنىنىڭ نىكاھ پرىنسىپلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن يەرلىك نىكاھ رىسالىسىنى باشلايدۇ ھەمدە قىزنىڭ «ھەققى - مېھرى» بېكىتىلىپ، ئۇنى ئادا قىلىش يىگىتنىڭ قىيامەتلىك قەرزى سۈپىتىدە نىسىگە قالدۇرۇلغانلىقى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك شەرتلەر قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئەشۇ شەرتلەرگە رازى بولۇپ ئۆزىنى XX ئاخۇننىڭ خوتۇنلۇقىغا قوبۇل قىلغان - قىلمىغانلىقى سورىلىدۇ. سوراش ئۈچ قېتىم داۋاملاشقاندىن كېيىن قىز جاۋاب بېرىدۇ. قىزنىڭ جاۋابىدىن كېيىن، يىگىتنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى ۋە باشقا شەرتلەر يەنە بىر قېتىم تەكرارلىنىپ، ئەشۇ شەرتلەرگە رازى بولۇپ XX خانىنى ئۆز ئەمرىگە ئالغان - ئالمىغانلىقى سورىلىدۇ. يىگىتنىڭ جاۋابىدىن كېيىن، يىگىت بىلەن قىزغا ھازىرقى دەقىقىدىن باشلاپ ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش، بىر - بىرىنىڭ قىيامەتلىك ھەققىگە قارا سانىماسلىق، بولغۇسى پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئەجدادى ئىزىدىن چەتنىمەيدىغان، ۋاپالىق، ئەدەب - ئەخلاقلىق، تەندۇرۇست، ھالالچى مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيىلەپ، ئەۋلادى پاكلىقىنى بىجا كەلتۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەت نەسىھەتلەر بېرىلىدۇ ۋە تۇزغا چىلانغان نىكاھ لوقمىسى يېگۈزۈلۈپ، نىكاھ دۇئاسى ئوقۇلىدۇ. دۇئادىن كېيىن جامائەت ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، نىكاھلانغۇچىلارنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ.

جامائەت نىكاھلانغۇچىلارنى تەبرىكلەپ بولغاندىن كېيىنلا، يىگىت بىلەن قىز ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان بىر ئاتقا مىنگەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ مېڭىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاللانغان بىر توپ نەغمىچىلەر دولان راۋابى بىلەن داپنى تەڭكەش قىلىپ تاكى يىگىتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغىچە شوخ دولان مۇقاملىرىنى توۋلاپ نەغمە قىلىپ ماڭىدۇ.

قىز يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن ئىشىك تۈۋىگە ئوت يېقىپ ئوتتىن ئاتلىتىپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىدۇ. بۇ، توي قىلغان ئىككى ياشنىڭ بىر بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ مەڭگۈ ئەشۇ ئوتتەك يالقۇنجاپ تۇرۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. قىز ئوتتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۆز قولداشلىرى ياكى يەڭگە بولغۇچى بىلەن ئالدىن تەييارلانغان ئۆيگە كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، توي مەشرىپى باشلىنىدۇ. مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار ئاساسەن يىگىت تەرەپنىڭ كىشىلىرى بولۇپ، تويى بولغان يىگىت بىلەن قىز ئادەتتە مەشرەپتە ئۇسسۇل ئوينىمايدۇ.

ئەتىسى توي يىگىتنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. بۇ تويدىمۇ ئوخشاش ئاۋال «قۇدىلىق چاي» بېرىلگەندىن كېيىن، چوڭ سورۇن تۈزۈلۈپ توي داستىخىنى سېلىنىدۇ؛ سوۋغا - سالاملار سورۇندىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ تويىنىڭ قىزنىڭ ئۆيىدىكى تويغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ كۈنى ئاتاقلىق قالۇنچىلار، دولان راۋابى ۋە دولان غىجىكى چالغۇچىلار بىلەن نەغمىچىلەر تەكلىپ قىلىنىپ، بىر تەرەپتىن دولان مەشرىپى ئوينالسا، زۆرۈر تېپىلغاندا «دەررە ئويۇنى»، «چاي ئۆرۈش» ۋە «بولە» قىلىپ ئويۇن چىقىرىش قاتارلىق دولان مەشرىپىنىڭ خىلمۇ خىل قىزىقارلىق ئويۇنلىرى ئوينىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن توي ئىگىسى چەۋەندازلارنى تەشكىللەپ ئوغلاق تارتىشىش ئويۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. بىرەر - يېرىم سائەتلا داۋام قىلىدىغان توي داستىخىنى سېلىش ۋە سوۋغا - سالاملارنى ئوتتۇرىدا قويۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەھلى جامائەت شۇ كۈنى كەچكىچە مەشرەپ ئويناپ، ئوغلاق تارتىشىش تاماشاسىنى كۆرىدۇ.

(داۋامى 75 - بەتتە)

# كىلاسسىكلارنىڭ نەپرىتى

(ھېكايە)

قامبارالى بوبۇلوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

مەن ئۆلۈپتىمەن، جامائەت يەرلىكىمگە قويغىلىۋېتىپتۇ. ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكا، ئىنىچى - سىڭىللىرىم يىغلاپ، يۈز - كۆزلىرىنى تاتىلاپ قان قىلىۋېتىپتۇ. تۇل قالغان خوتۇنۇم، يېتىم قالغان ئىككى پەرزەنتىم كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاۋاتىدۇ.

ئۇيۇر- تويۇر بولۇپ يۈرگەن خالايىقنىڭ قايغۇرۇپمۇ قويمىغىنىغا كايىيەن، ئۇلاردىن بۇنى كۈتمىگەنىدىم. بەش يىل بۇرۇن مەلۇم بىر شائىرىمىزنى بارسا - كەلمەس سەپەرگە ئېغىر قايغۇ بىلەن يولغا سېلىۋېتىپ «مەنمۇ ئۇ دۇنياغا كەتسەم كۆپچىلىك ئېغىر ھەسرەت چېكەر- ھە!» دەپ ئويلىغانىدىم.

ئەمدى مانا شۇنچىلىك ئامراق دوستلىرىمۇ سەزمىگەندەك ئۆي - خىيالىغا ھېچنەرسە كىرىپمۇ قويماي، ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشىدۇ. يىغىلغان توپ ئىچىدىن بىرسى ئالدىراق چىقىپ «دولۇن قانداق ئادەم ئىدى؟»— دەپ سورىۋىدى، ھېچكىمدىن زۇۋان چىقمىدى.

«ئارىمىزغا قىل سىغمايدىغان دوستلىرىمدىن ھەتتا بىرەرسىمۇ مېنى ياقىلىيالمىدىغاندۇ؟ «بۇ بەندىنىڭ يېقىنراق دوستىمۇ بوۋقى-كىمن؟!» دەپ ھېلىقى ئادەم يەنە بىر قېتىم ئەتراپقا كۆز تاشلىغاندا، دوستۇم ئىشانقۇل بويىمدىن باغلىغاندەك قىلىپ ئارانلا «دولۇن بەك تالانتلىق ئىدى، ۋاقىتسىز ياقىغا سەپەر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېچىنىمىز!» دەپ كۆڭلىنى بۇزۇپ قويدى. شۇ ئاردا بېلىنىسكى، لېۋ تولستوي، چېخوۋ، گوركى، ماياكوۋسكى، تۇرگېنېۋلار پەيدا بولۇپ قالدى.

«مېنىڭ ئەرۋاھىمنى ئىززەت قىلمىغانلارغا بېلىنىسكى ئاچچىق سۆزلىرىنى سانجىپ، راسا دەككىسىنى بەرسىدى» دەپ ئۈمىدلەنگەندىم.

— توختا،— دېدى بېلىنىسكى ئىشانقۇلغا قاپىقىنى تۈرۈپ،— ھەقىقەتكە نېمىشقا كۆز يۇمۇسەن؟ دولۇندا تالانت دېگەننىڭ ئەسىرىمۇ يوق. ئۇ، مەن بۇندىن بىر ئەسىر بۇرۇن ئارزۇ قىلغان 1940- يىللاردىكى تالانتلىق ئەۋلادلىرىمنىڭ بىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ! ئۇنىڭ يەتتە ئەزايى شالاقلاپ كەتكەن.

نېرىدىن لېۋ تولستوي ھاسىغا تايىنىپ تۇرۇپ، خالايىققا قارىدى:

— بۇ دولۇن ئۆمۈر سۈرۈش ئۈچۈن يەپ - ئىچكەنلەردىن ئەمەس بەلكى يەپ - ئىچىش ئۈچۈن ئۆمۈر سۈرۈپ يۈرگەن بىر مەخلۇق، دېدى- دە، چاڭگا ساقىلىنى سىپاپ قويدى.

چېخوۋ كۆزىدىن ئەينىكىنى ئېلىپ ئادەتتىكىدەك «ئەپچۇشۇ» دەپ بىر چۈشكۈرۈۋالدى،— ھەقىقىي تالانت ئۆمۈرۋايەت ئۆزىگە

(داۋامى 69 - بەتتە)

## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

uyghurkitap.com




(كۈچانىڭ مەشرەپ ناخشىلىرىدىن)

ياپيېشىل چىنارسەنمۇ،
قايرىسام سۇنارسەنمۇ.
مېنى ئوتقا سېپ قويۇپ،
ئايرىلىپ چىدارسەنمۇ.

ھاۋادىكى بىر قۇشمەن،
يار دەردىدە بىھۇشمەن.
ئەقلىڭ بولسا بىل يارىم،
ئالتۇن بىلەن كۈمۈچمەن.

ئوخشىمايدۇ يارىمنىڭ،
دوپپىسىنى كىيىشى.
مۇزنى تاڭسام سەگمەس،
بۇ يۈرەكنىڭ كۆيۈشى.

يار قارايدۇ، قارايدۇ،
تامدىن ئارتىلىپ ماراپ.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
باغدا چىرمىشىپ ئويناپ.

ئېتىمنى چاپاي چۆلگە،
بەش موللاق ئاتاي كۆلگە.
ئوتتۇك زەپ يامان ئىكەن،
مەيدەمنى ياقاي ھۆلگە.

بولغان ئانار شاخلىرى،
ئىگىلىپ سۇنمايدىكەن.
سەن يارغا كۆيگەن كىشى،
سارغىيىپ ئۆلمەيدىكەن.

ئېرىق چاپتىم ۋىلىرىڭدىن،
بىر سۇ بەرگىن كۆلىرىڭدىن.
شايى ئەتلەس يارىشىپتۇ،
ئېگەي نازۇك بەللىرىڭدىن

بىزنىڭ يار كېلىپ قاپتۇ،
سۇ ئاتىمغان ساي بىلەن.
ئالاي كۆڭلىنى يارىمنىڭ،
قەن چىلىغان چاي بىلەن.

يارىمنىڭ قارا ساچى،
چۈشۈپتۇ زاڭاقىغا.
مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ،
قارايمەن سىياقىغا.

قىزىلگۈل بولۇپ كەلدىم،
چېكەڭگە قىستۇرالغىن.
بوينۇمغا گىرە سالىپ،
قانغىچە سۆيۈۋالغىن.

خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن

توپلىغۇچى: ئۆمەر سايىم



چېۋەر قوللار (ياسىن خامۇش سىزغان)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

新疆文化（维吾尔文） 35 - يىل نەشرى 1986 - يىل 6 - سان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 تىزىملانغان نومۇرى: 361

تاق ئايلارنىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. تېلېفون نومۇرى: 28055. باھاسى 30 پۇڭ



www.uyghurkitap.com